# 1- باب    تور پروگراممسى لايىھەلەشتىن ئومۇمي بايان

**بۇ بابنىڭ مۇھىم نۇقتىسى:**

- مۇلازىمەتچى ۋە ئابونت ئوقۇمى .
- ھەركەتچان تورىبەتنىڭ خىزمەت پرىنسىپى.

## 1-1. تور پروگراممىللىرنى لايىھەلەش تىللىرىنىڭ كىلىپ چىقىشى

XX ئەسىردىكى تەرەققىياتى ئەڭ تىز، كۆلىمى ئەڭ چوڭ ،قاپلىنىش دائىرسى كەڭ تېخنىكىلاردىن قايسىللىرى بار؟

مېنىڭچە ئىنتېرنىتنىڭ بارلىققا كىلىشى .

ئىككى كومپيۇتېر بىۋاستە ئۇلىنىپ دائىرىلىك تور بارلىققا كەلدى ،بۇ كىڭەيتىلىپ Enternet بارلىققا كەلدى،ئىنسانىيەت شۇنىڭدىن باشلاپ تور دەۋرىگە كىردى .

Enternet توردەپمۇئاتىلىدۇ،ئەسلىدە 1969-يىلى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ئالىي تەتقىقات ئىدارىسى ARPANET تورىنى ئاچقان، 1987-يىلى ئامېرىكادۆلەتلىك پەن-تېخنىكايېغىنىدا تەۋسىيە قىلىنىشى بىلەن ھەربىي ئىشلاردا ئىشلىتىشتىن باشقايەنەئىلىم-پەن تەتقىقاتى،خەلق ئىشلىرىدىمۇئىشلىتىلدى،بۇبۇگۈنكى Enternet تورىنىڭ ئېپتىدائى ھالىتى ئىدى .

1994-يىلى 4-ئايدا جوڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى كومپيۇتېر تور ئۇچۇر مەركىزى ئىنتېرنېتىغا كىردى .

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى،ھەريىلى ئىنتېرنېتقا كىرگەن كومپيۇتېر سانى ھەسسىلەپ ئاشتى .

نۆۋەتتە تەمىنلەنگەن تور مۇلازىمەتلىردىن Www,Email,ftp،ئاخبارات گۇرۇپپىسى، Telnetيىراقتىن كىرىش مۇلازىمىتى قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە Wwwۋە Email مۇلازىمىتى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ .

Www (World Wide Web)ئۇلانما تور دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئەسلىدە 1989-يىلى ياۋروپادىكى (كۇۋانت) فىزىكا تەجرىبخانىسىدا تەتقىقاتچىلار ئارخىپ ماتېرىياللارنى ئۆزئارا يوللاپ ئىشلەتكەن ،بۇنى تەجرىبخانىدىكى فىزىكا ئالىمى TimBerners_Lee ئوتتۇرغا قويغان . Wwwبارلىققا كىلىشىنىڭ ئالدىدا ئىنتېرنېت ئىلىم- پەن تەتقىقاتى ۋە ھەربىي ئىشلاردىلا ئىشلىتىلگەن .




فىزىكا ئالىمى TimBerners_Lee

Wwwنىڭ قىزىقتۇرشى بىلەن ئىنتېرنېت ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ تۇمەنلىگەن ئائىللەرگىچە كىردى .كىشلەرنىڭ ئۆگۈنۈش،خىزمەت ،ئالماشتۇرۇش ،كۆڭۈل ئېچىشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر تەركىب بولۇپ قالدى.

دەسلەپتىكى Www توردا توربەتتىكى ئۇچۇرلار تىنچ ھالەتتە ئىپادىلىنەتتى، ئالايلۇق؛ئورگاننىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشى،ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى قاتارلىقلار ،ئومۇمەن ؛ ئۇلتراتېكىست بەلگەتلى HTML(Markup Language Hyper Text)ئىشلىتىلەتتى.
كىشلەر يۇقارقىلارنى HTML ئېلېمېنتلىردىن يېزىق، رەسىم، جەدۋەل، ئۇلترا ئۇلىنىش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرغان .

HTML ئىنتايىن ئاددىي بولسىمۇ بىراق كەمچىلىكى بار، ئەگەر توربەتنى تۈزەتمەكچى بولغاندا پەقەتHTML نىڭ ئەسلى كودىنى تۈزىتىش كېرەك.

ئويلاپ باقايلى،ئەگەر ئورگاننىڭ توربېتى --- بىر ئالاقە خاتىرىسى بولسا بۇنىڭدىكى ئادرېس ، تېلېفۇن نومۇرى قاتارلىقلار دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ،بۇنى تۈزىتىشتە ھەممىشەHTML نىڭ ئەسلى كودىنى ئېچىپ تۈزىتىش بەكمۇ ئاۋارىچىلىق ھەم ئاسانلا خاتالىق چىقىدۇ .
ئەگەردە بىركىشى توردا ئۆزىنىڭ ئۇچۇرلىرنى تۈزىتەلىسە ، بۇ بەكمۇ قۇلايلىق بولغان بۇلاتتى.
ئۇنىڭدىن باشقا دەسلەپكى Wwwتەمىنلىگەن ئۇچۇر مەنبەلىرىگە ئاساسەن، كىشلەر توردا ئۆزىگە لازىملىق ماتىرىياللارنى كۆرەتتى. ئەمما تور تېخنىكىسىنىڭ تىز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ «يىراق مۇساپىلىق ئوقۇتۇش»، «ئىلكترونلۇق ماگىزىن»، «ئىلكترونلۇق باشقارما» قاتارلىقلار جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى .
توردا ئىش بىجىرىش ،ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئالاقىدار ئۇچۇرلارغا ئىرىشىشتەWwwغا بولغان تەلەپ ھەم ئۇنىڭ ئۇچۇن ئورتاق ئىشلىتىدىغان بىرخىل يۇمشاق دېتال ئېھتىياجى كىلىپ چىقتى، مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا تور پروگراممىسى لايىھىلەش تىللىرى مەيدانغان كەلدى.

## 2ـ1. Www نىڭ خىزمەت پىرىنسىپى

### 1ـ2ـ1. مۇلازىمەتچى دىگەن نىمە ؟ ئابونت دىگەن نىمە ؟

ئاددىي قىلىپ ئىيتساق ؛ مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگۈچى مۇلازىمەتچى (مۇلازىمتىر)، تەمىنلەنگۈچى بولسا ئابونت دەپ ئاتىلىدۇ.
ئالايلۇق :بىز بېيجىڭ ئونۋېرىستىتىنىڭ تور بېتىنى كۆرىۋاتقان بولساق،بۇ ۋاقىتتا بېيجىڭ ئونۋېرىستىتىنىڭ تور بېتىنى ساقلىغان كومپيۇتېر دەل مۇلازىمەتچى( مۇلازىمتىر) ، ئۆزىمىزنىڭ كومپيۇتېرى ئابونت بولىدۇ، 1ـ1. رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك:



(ئۆزىمىزنىڭ كومپيۇتېرى) (بېيجىڭ ئونۋېرىستىتىنىڭ كومپيۇتېرى)

ئابونت مولازىمەتچى

1ـ1. رەسىم : مۇلازىمتىر ۋە ئابونت

ئەمما مۇلازىمەتچى بىلەن ئابونت مۇقىم ئەمەس، ئەگەر مۇلازىمەتچىنى،ئابونت مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىسە ئۇھالدا مۇلازىمەتچى ئابونتقا ئايلىنىدۇ .ئايرىم ئەھۋاللاردا مۇلازىمەتچى ئابونتقا

ئايلىنىشى؛ئابونتمۇ مۇلازىمەتچىگە ئايلىنىشى مۇمكىن .

كونكرېتنى قىلىپ ئېيتساق؛ بىزنىڭ كومپيۇتېرىمىز-ئەگەر بىيجىڭ ئونۋېرستىتىنىڭ تورىبېتىنى زىيارەت قىلسا ئابونت بولغان بولىدۇ، ئەگەردە Www مۇلازىمەتچى يۇمشاق دېتالىنى قاچىلىساق (كونكرېت قاچىلاش ئۇسۇلى 2- بابتا ) ئۇھالدا باشقىلارتورئارقىلىق بىزنىڭ كومپيۇتېرىمىزنى زىيارەت قىلالايدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ كومپيۇتېرىمىزمۇلازىمەتچى بولىدۇ،پروگراممىنىڭ يۆتكىلىشى بىلەن كومپيۇتېر مۇلازىمەتچى بولۇشىمۇ ،ئابونت بولۇشىمۇ مۇمكىن.

## 1-2-2. تىنچ ھالەتتىكى توربەتنىڭ خىزمەت پرىنسىپى

تىنچ ھالەتتىكى تور بەت دېگىنىمىز -- ھېچقانداق پروگرامما كودى قوشۇلمىغان پەقەت HTMLبەلگىللىرىدىنلا تۈزۈلگەن تور بەتلەرنى كۆرسىتىدۇ .

بۇخىل توربەتلەرنىڭ كېڭەيتىلگەن نامى htmيانى html قىلىپ ساقلانغان، بۇخىل تىنچ ھالەتتىكى توربەتلەرنىڭ مەزمۇنى ئۆزگەرمەيدۇ ،ھەرقانداق كىشى خالىغان ۋاقىتتا ئوخشاش بىرخىل مەزمۇننى زىيارەت قىلىدۇ .

ئەگەر تور بەت مەزمۇننى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە ئەسلى html كودىنى ئېچىپ تۈزىتىپ ئاندىن مۇلازىمەتچىگە يېڭىۋاشتىن يوللىنىدۇ .

تىنچ ھالەتتىكى توربەتنىڭ خىزمەت پرىنسىپى تۆۋەندىكىدەك :

سىزكۆزەتكۈچكە توربەت ئادرېسىنى كىرگۈزۈپ قايتۇرۇش كۇنۇپكىسىنى باسقاندا مۇلازىمەتچى سىزتەلەپ قىلغان توربەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. (مۇلازىمەتچى سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى قوبۇل قىلىپ،كېرەكلىك توربەتنى ئىزدەپ تېپىپ سىزنىڭ كۆزەتكۈچىڭىزگە يوللاپ بېرىدۇ) 1-2. رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك:




1-2. رەسىم : تىنچ ھالەتتىكى توربەتنىڭ خىزمەت پرىنسىپى

## 1-2-3. ھەركەتچان ھالەتتىكى توربەتنىڭ خىزمەت پرىنسىپى

ھەركەتچان تور بەت دېگىنىمىز -- تەركىبىگە html بەلگىللىرىدىن باشقا يەنە، پروگرامما كودىمۇ قوشۇلغان توربەتلەردۇر .

بۇخىل توربەتلەرنىڭ كېڭەيتىلگەن نامى لايىھىلىگەن پروگرامما تىللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمايدۇ.

(مەسىلەن : asp دا لايىھىلەنگەن بولسا بۇ ھۆججەت نامىنىڭ كەينىگە asp قوشۇلىدۇ (index.asp)

بىرھەركەتچان توربەتنىڭ مەزمۇنى زىيارەت قىلغۇچىنىڭ ،ۋاقىتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمايدۇ .

مەسىلەن:سۆزقالدۇرۇش دەپتىرى ،BBS،پاراڭلىشىش ئۆيى ھەركەتچان توربەتلەر بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

ھەركەتچان توربەت بىلەن تىنچ ھالەتتىكى توربەتنىڭ خىزمەت پرىنسىپىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار.

سىز كۆزەتكۈچكە هەركەتچان توربەت ئادرېسىنى كىرگۈزۈپ قايتۇرۇش كۇنۇپكىسىنى باسقاندىن كېيىن مولازىمەتچى سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى قوبۇل قىلىپ كېرەكلىك توربەتنى ئىزدەپ تاپىدۇ ،ئاندىن شۇ توربەتتىكى پروگراممىنى ئىجراقىلىپ بولۇپ تىنچ هالەتتىكى توربەتكە ئايلاندۇرىدۇ،بۇ تىنچ هالەتتىكى توربەتنى سىزنىڭ كۆزەتكۈچىڭىزگە يوللاپ بېرىدۇ . 1ـ3.رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك :




1ـ3. رەسىم : هەركەتچان هالەتتىكى توربەتنىڭ خىزمەت پرىنسىپى

## 1ـ3. نۆۋەتتىكى ئاساسلىق تورپروگرامما لايىھىلەش تىللىرى

نۆۋەتتىكى ئاساسلىق تورپروگراممىتىللىرىدىن php, aspۋەjsp لەر بار.

ئومۇملاشتۇروپ ئېيتقاندا ؛ asp,phpۋەjsp لارنىڭ ھەممىسى html بىلەن كىرىشتۇرۇلگەن بولىدۇ .

ئەگەرئۇلارنىڭ ئىچدە ئەڭ ئاساسلىق ئىلغارلىقنى دېسەك aspئۆگىنىشكە ئاسان،ئىشلىتىشكە قۇلاي.

phpماتېرىياللىرى ھەقسىز،توۋەن شارائىتتا ئىجرا بولىدۇ، jspنىڭ مۇھىتقا ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك،ئۆزگەرتىش ئاسان .

### 1ـ3ـ1.asp ھەققىدە

Asp نىڭ تولۇق ئاتىلىشى Active Server Pages بولۇپ مىكروسوفتنىڭ تەۋسىيە قىلىشى بىلەن ئەسلىدىكى CGI(Common Gateway Interface) تېخنىكىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن .

ئەمەلىيەتتە مىكروسوفت ئۇنىڭدىن بالدۇرلا IDC(Internet Database) تېخنىكىسىنى چىقارغان بولۇپ سانلىق مەلۇماتلارنى ئۇلاش ۋەكەسىپى ئىشلادا قوللىنىلغان .IDC نى ئۆگىنىش ئاسان بولسىمۇ بىراق بەكلا ئاددىي ، شۇنىڭدەك نۇرغۇن ئىقتىدارلارنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن مىكروسوفت بورۇنقىدەكلا ئاددىي ، لېكىن ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان asp نى مەيدانغا كەلتۈردى.

Asp نى ئۆگىنىش ئاسان ،ماسلىششچانلىقى كۈچلۈك ،نۆۋەتتە asp نىڭ ئىشلىتىلىش دائىرسى ئىنتايىن كەڭ،كۆپلىگەن توربەكەتلەر asp تېخنىكىسى بىلەن تۈزۈلگەن .

Aspنۆۋەتتە Windows NT,Windows 2000,Windows XPلاردا ئىجرا بولىدۇ،Windows 98دا Webمۇلازىمەتچىسى PWS 4.0(Personal Web Ser Ver 4.0) نى قاچىلىغاندىن كېيىن ئىجرا بولىدۇ .

ئابونتلارغا ئالاھىدە تەلەپ بولمىغاندا ،ئاددىتتىكى بىركۆزەتكۈچ بولسىلا بولىدۇ. asp ھۆججىتىدە ئاددىتتىكى HTML ھۆججىتىگە VBScript ياكى JavaScript پروگراممىلىرى كىرىشتۈرىلىدۇ،نۆۋەتتە ئابونت asp ھۆججىتىنى سورىغاندا مۇلازىمەتچى بۇھۆججەتتىنى يېشىپ ئۆلچەملىك HTML ھۆججىتى قىلىپ يوللاپ بېرىدۇ.

مۇلازىمەتچى ئىجراقىلىشتا :①ئابونت كۆزەتكۈچىسى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ .②مۇلازىمەتچىنىڭ ساندىق مەلۇماتلارنى ئالماشتۇرۇشى ناھايىتى ئاسان بولىدۇ، مەسىلەن :ساندىق مەلۇمات ئامبىرىنى ئوقۇشتا... .

Asp قانچىلىغان ئىچكى ئوبيېكت ۋە بىر يۈرۈش تەمىنلىگەن ، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ ساندىق مەلۇماتلارنى يوللاش، ساقلاش -ئوقۇش قاتارلىق ئىقتىدارلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاسان ،ئۇنىڭدىن سىرت ئۈچىنچى خىل بىر يۈرۈشلەرنى تەمىنلىگەن بولۇپ E-mail يوللاش ،ھۆججەت يوللاش قاتارلىق ئىقتىدارلىرى بار، يەنە ئالاھىدە ئېھتىياج بولسا VB ياكى VCدىن پايدىلىنىپ ئۆزىڭىز بىر يۈرۈش ماتېرىيال تۈزىسىڭىز بولىدۇ، شۇڭا« asp دا ھەرقانداق بىرئىقتىدارنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولىدۇ » دېيىشكە بولىدۇ.

دۇنيادا ساپ ئالتۇن يوق ،نوقسانسىز ئادەم يوق ،ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئارتۇقچىلىقى، كەمچىلىكى بولىدۇ، asp مۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

1 ـ Asp نىڭ ئارتۇقچىلىقى :

① Aspھۆججىتىدە ئىشلىتىلىدىغان VBScriptتىلى VBتىلىنى مەنبە قىلغان ، VBئۆگەنگەندەك ئاسانلا ئۆگىنىپ كېتەلەيسىز.

② HTML ھۆججىتىگە بىۋاسىتە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ ، پروگرامما تۈزۈپ ،يېشىپ ئىجراقىلىش ھاجەتسىز.

③ ADO بىرىكمىسىدىن پايدىلىنىپ ساندىق مەلۇمات ئامبىرىغا ئۇچۇر ساقلاش -ئوقۇش ئاسان،بەزىلەر«تور ساندىق مەلۇمات ئامبىرىغا ئۇچۇر ساقلاش -ئوقۇشنى قوللىمايدۇ» دەپ قارايدۇ ،ئەمما Asp دا بۇئىنتايىن ئاسان، CGI دەك ئۆگىنىش قىيىن ئەمەس .

④پروگرامما ئوبيېكتلىرى ActiveX Server بىرىكمىسىنىڭ ئىقتىدارلىرىدىن كېڭەيتىلگەن ،ئۈچىنچى خىل بىر يۈرۈشلەر ياكى ئۆزىڭىز ActiveX Server بىرىكمىسى تۈزەپ ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ ، نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا ؛ ھەرقانداق بىرئىقتىدارنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولىدۇ.

⑤كۆزەتكۈچتە مەسىلە بولمىسا Asp پروگراممىسى مۇلازىمېتىردا ئىجرا بولىدۇ ، نۆۋەتتىكى ئابونت كۆزەتكۈچىسىدە كۆرسىتىشتە مۇلازىمەتچى مەزكۇر تورىبەتنى يېڭىۋاشتىن بىر قېتىم يېشىدۇ ھەمدە ئۆلچەملىك HTML ھۆججىتى ھاسىل قىلىپ ئابونت كۆزەتكۈچىسىگە يوللاپ بېرىدۇ .

Asp⑥ پروگرامما كودى يوشۇرۇن، ئابونتقا HTML ھۆججىتى ھاسىل قىلىپ چىقىرىپ بېرىلىدۇ، ئۆزىڭىزنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى قوغدىيالايسىز.

2 ـ Asp نىڭ يېتەرسىزلىكى :

① ئىجرا بولۇش سۈرئىتى ئاستىراق،چۈنكى ئابونت Asp ھۆججىتىنى ئاچقاندا مۇلازىمەتچى بۇھۆججەتنى باشتىن-ئاخىرى بىرقېتىم ئوقۇپ چىقىپ ھەم ئىجرا قىلىپ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلچەملىك HTML ھۆججىتى ھاسىل قىلىپ ئابونتقا يوللاپ بېرىدۇ،بۇئىجرابولۇش سۈرئىتىگە تەسىرىيەتكۈزىدۇ، بىراق مولازىمەتچىنىڭ قاتتىق دېتال تېخنىكىسى يېڭى ھەم تور سۈرئىتى يۇقىرى بولسا سۈرئەتكە بولغان تەسىرى ناھايىتى كىچىك ،ئوخشاش ۋاقىتتا توردا ئادەم سانى ئازبولسا ، بۇخىل تەسىرىلەن ھېسابلاشمىساقمۇ بولىدۇ.

②بەزى تورمەشغۇلات سىستېمىسى Asp نى قوللىمايدۇ ، Asp بىلەن تور پروگراممىسى لايىھىلىگەندە ئەڭ ياخشىسى Windows XPمەشغۇلات سىستېمىسنى تاللاپ ئىشلەتكىنىڭىز تۈزۈك !

نۆۋەتتە Asp نىڭ ئەڭ يوقىرى نەشرى Asp.Net بارلىققا كەلدى ، Aspگە سېلىشتۇرغاندا ئۇنىڭ ئىقتىدارى كۈچلۈك، يېڭى ئىقتىدار قوشۇلغان ،شۇڭا Asp نى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىش كېرەك ،نىمىشقا دېگەندە :

① Aspئۆگىنىش ئاسان،Asp.Net مۇرەككەپراق ،ئەگەر ھەركەتچان تور بەت تېخنىكىسىنى تېز سۈرئەتتە ئىگەللىمەكچى بولسىڭىز ئاۋۋال ئۆگىنىدىغىنىڭىز Asp .

② Asp نىڭ ئىجرا بولۇش مۇھىتى ئاددىي ، Asp.Net نىڭ ئىجرا بولۇش مۇھىتىغا نىسبەتەن تەلىپى يوقىرى .

③ Asp.Net نى بىۋاستە ئۆگەنگىلى بولسىمۇ بىراق Asp نى ئۆگەنسىڭىز Asp.Net نى ئۆگىنىش تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ .

## .1-3-2 PHP ھەققىدە

PHP نى 1994-يىلى Rasmus Lerdorf دېگەن كىشى ئىجاد قىلغان ،باشتا ئۇ Perlتىلى بىلەن تۈزۈلگەن ئاددىي پروگرامما ئىدى.شۇچاغدا پەقەت بىرشەخسى قورال سۈپىتىدە سۆزقالدۇرۇش دەپتىرى،سانىغۇچ قاتارلىقلاردا بولىدىغان ئاددىي ئىقتىدارلار بىلەن تەمىنلىگەن،كېيىنچە ئاستا-ئاستا تارقالدى، قايتا-قايتا يېزىلدى، پۈتۈنلەندى ،ھەم PHP v1.0 دەپ نام بېرىلدى،ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئىقتىدارلىرى تولۇق ئەمەس ئىدى،كېيىن باشقا پروگراممىچىلار قايتىدىن PHPكودىنى يېزىشقا باشلىدى، 1997-يىلى Zeev Suraski بىلەن Andi Gutamns لارئۇنىڭ كودىنى يىڭىدىن يېزىپ چىقتى، قايتا-قايتا يېزىلىش ئارقىلىق ئىقتىدارلىرى ئاساسەن مۇكەممەلەشتى ،بۈگۈنكى PHP 3 نىڭ ئىپتىدائى شەكلى بارلىققا كېلىپ كەڭ تارقالدى .



PHP ئاتىسى Rasmus Lerdorf

PHPپروگراممىلىرى Windowsياكى بولمىسا Linux,Unix مەشغۇلات سىستېمىللىرىدا ئىجرابولىدۇ،ئابونت كۆزەتكۈچىسىگە ئالاھىدە تەلىپى يوق ،بىراق ئىجرابولۇش مۇھىتىنى قاچىلاش مۇرەككەپ،PHP،MySQLسانلىق مەلۇمات ئامبىرى ۋە Apache Web مۇلازىمەتچىسى بىرقەدەرياخشى ماسلىشالايدۇ .

PHPنىمۇ HTML ھۆججىتى بىلەن بىرىكتۈرۈپ بايان قىلىمىز،ئۇ C,Java ۋە Perl تىللىرىنىڭ گرامماتىكىسىنى ئىشلىتىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ھەرخىل ئالاھىدە بەلگىللىرىنى قوشىدۇ .

PHPمۇ مۇلازىمىتىردا ئىجرابولىدۇ ،بۇيېرى Asp بىلەن ئوخشايدۇ ،شۇڭا ئۇنىڭمۇ قىسمەن ئارتۇقچىلىقلىرى بار،ئابونت كۆزەتكۈچىسى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ،سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا ئۇچۇر ساقلاش - ئوقۇشمۇ ئاسانراق،ئۇ توردىكى ئاساسلىق ھالقىلىق ئىقتىدارلارنى تاماملىيالايدۇ ،سانلىق مەلۇمات يوللاش ،سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغائۇچۇر ساقلاش- ئوقۇش ،رەسىم بىرتەرەپ قىلىش قاتارلىق ئىقتىدارلىرى بار .

1ـ PHP نىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى :

① ئۇ ھەقسىز، ئۇرغۇن سودا تورىبكەتلىرى تەرىپلىشىدۇ .

②بارلىق كودى ،ماتېرىيالللىرىنى ئاشكارە، ھەقسىز كۆچۈرۈشكە،تارقىتىشقا بولىدۇ ،شۇ سەۋەبتىن ئۇرغۇنلىغان ھەۋەسكارلار توختىماي ئىلگىرىلەپ راۋاجلاندۇرۇپ ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرماقتا،بۇ تەرپىنى Asp بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ..

③كۆپ خىل مۇھىتقا ماسلىشالايدۇ ، Windows ياكى بولمىسا Linux,Unix مەشغۇلات سىستېمىللىرىدا ئىجرابولىدۇ.

PHP④ پروگراممىسى مۇلازىمىتېردا ئىجرا بولىدۇ ، يېشىلىپ ئۆلچەملىك HTML ھۆججەتكە ئايلاندۇرۇلۇپ ئابونت كۆزەتكۈچىسىگە يوللاپ بېرىلىدۇ ، چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ.

⑤ئۇنۇمى يوقىرى ، Aspگە سېلىشتۇرغاندا سىستېمىنىڭ ئازراق قىسمىنى ئىگەللەيدۇ ،ئىجرا بولۇش سۈرئىتى تىزراق .

2ـ PHP نىڭ يېتەرسىزلىكى :

① چوڭ شىركەتلەر قوللىمىغانلىقتىن asp,jsp لاردەك پارلاق ئىستىقبالىغا ئىگە ئەمەس .

② ئىجرابولۇش مۇھىتىنى قاچىلاش مۇرەككەپراق .

③ Aspگە سېلىشتۇرغاندا ئۆگىنىش ئۈنۈملۈك ئاسان ئەمەس، خېلىلا مۇرەككەپ.

## 1ـ3ـ3. JSP ھەققىدە

Jsp نىڭ تولۇق ئاتىلىشى JavaServer pages بۇنى (Sun Microsystems Inc.)قۇياش مىكرو سىستېمىسى شىركىتى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ كۆپلىگەن شىركەتلەر ھەمكارلىشىپ تۈزىگەن بىرخىل ھەركەتچان تورىبەت تېخنىكىسىدۇر . بۇ تېخنىكىنىڭ مەقسىتى java پروگرامما مۇھىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ( مەسىلەن : java Servlet قاتارلىق ) پۈتۈنلەي يېڭىچە تولۇق ۋە Asp بىلەن تىركىشىپ تۇرالايدىغان تور پروگرامما تىلىنى بەرپا قىلىش .

Jsp نىڭ ئەڭ زور ئارتۇقچىلىقى شۇكى: مۇھىتتىن ھالقىغان،بارلىق مەشغۇلات سىستېمىللىرىدا دېگۈدەك ئىجرا بولالايدۇ: Windows NT ,Windows2000 ,Windows 98 ,Linux ,Unix قاتارلىق مەشغۇلات سىستېمىللىرىدا.

بۇنىڭدىن مۇلازىمەتچىگە Jsp ماتېرىيالىنى قاچىلاشقا توغرا كېلىدۇ .

Sunشىركىتى ھەقسىز تەمىنلىگەنJDK ,JSDK ۋە JSWDK لەرنىWindows ۋە Linux مەشغۇلات سىستېمىللىرىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ . Jsp مۇ مۇلازىمىتېردا ئىجرا بولىدۇ، ئابونت كۆزەتكۈچىسىگە بولغان تەلىپى ئىنتايىن تۆۋەن .

Jsp ئىشلەتكەندە Java پروگراممابۆلەكچىسى(Scriptlet) بىلەن Jsp بەلگىللىرى HTMLھۆججەتكە كىرىشتۈرۈلىدۇ .

ئابونت Jsp ھۆججىتىنى زىيارەت قىلغاندا ئۇنىڭ ئىچكى پروگرامما بۆلەكچىسى ئىجرابولىدۇ ،ئاندىن ئۆلچەملىك HTML ھۆججىتى ئابونتقا يوللاپ بېرىلىدۇ، Asp بىلەن بولغان پەرقى شۇكى: Asp دا ھەر قېتىم Asp ھۆججىتىنى زىيارەت قىلغاندامۇلازىمەتچى مەزكۇر تورىبەتنى يېڭىۋاشتىن بىرقېتىم يېشىدۇ ھەمدە ئۆلچەملىك HTMLھۆججىتى ھاسىل قىلىپ ئابونت كۆزەتكۈچىسىگە يوللاپ بېرىلىدۇ،بىراقJsp دا بىرىنچى قېتىم Jsp ھۆججىتىنى تەلەپ قىلغاندا مەزكۇرھۆججەت Servlet ھاسىل قىلىدۇ ھەم Java مەۋھۇم مۇلازىمىتېردا ئىجرابولىدۇ ، كېيىن قايتايېشىلمايلائىجرابولىدۇ،ئىجرابولۇش ئۈنۈمى يوقىرى،بۇيېرى

ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى .

Jsp دىمۇ ھەركەتچان تور بەت تېخنىكىسىدىكى تەلەپلەردىن مەلۇمات يوللاش ،سانلىق مەلۇمات ئامبىرى مەشغۇلاتلىرى قاتارلىق چوڭ-چوڭ ئىقتىدارلارنى تاماملاشقا بولىدۇ .

نۆۋەتتە ئۇ Asp نىڭ كۈچلۈك رىقابەتچىسى ، ئۇنىڭمۇ كەمچىلىك- ئارتۇقچىلىقلىرى بار.

1- Jsp نىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى :

① كۆپ خىل مۇھىتقا ماسلىشالايدۇ ، بارلىق مۇلازىمېتىر مەشغۇلات سىستېمىللىرىدا دىگۈدەك ئىجرا بولىدۇ،قايسىسى بولۇشىدىن قەتئى نەزەر ئايلاندۇرۇپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ .

②يېزىلىپ كېيىن ئىجرا بولغاندا ، ئىجرا بولۇش ئۈنۈمى يۇقىرى.

③ Jsp دا Java تېخنىكىسى قوللىنىلغان ، Java پىششىق يېتىلگەن ،مۇھىتتىن ھالقىغان پروگراممالايىھەلەش تىلى، ھەرقانداق ئىقتىدارنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولىدۇ ،كۆپ ساندىكى Java پروگراممىچىللىرى شۇنداق دەيدۇ:«ئۆگىنىپ كىتىش ئىنتايىن ئاسان ».

2- Jsp نىڭ كەمچىلىكلىرى :

① ئىجرا بولۇش مۇھىتىنى قاچىلاش Asp گە سېلىشتۇرغاندا مۇرەككەپراق .

② Aspدىكى VBscript گەقارىغاندا Java تىلىنى ئۆگىنىش تەس.

## 4-1. بۇبابتىن خۇلاسە

يۇقىرىقى ئۈچ خىل تىلنى سېلىشتۇرساق ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى بار دىيىشكە بولىدۇ ،قىيىن نۇقتىسى ئايرىلدى ،قايسى تىلنى ئىشلىتىش ئەمەلىي شەرت-شارائىت ۋە قىزىقىشقا ئاساسەن بېكىتىلىدۇ.

بۇكىتابتا ئاساسلىقى Asp تونۇشتۇرۇلىدۇ ، شۇڭا Asp نى تاللىغان،بۇنىڭ بىرنەچچە تۈرلۈك سەۋەبى بار :

ئەڭ ئاۋۋال Aspمىكرو سوفتنىڭ مەھسۇلاتى ،نۆۋەتتە ئىشلىتىلىۋاتقان Windowsمەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ كۆزەتكۈچىسى IE بىلەن ناھايىتى ياخشى ماسلىشىدۇ ،يەنە كىلىپ كۈچلۈك ماسلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە ،كەلگۈسى ئىستىقبالى ئىشەنچلىك شۇنداقلا Asp دە ئىشلىتىدىغان تايانچى تىل VBScript بولسا VBتىلىنى مەنبە قىلغان. VBمۇ ئۆگىنىش ئاسان بولغان تىللارنىڭ بىرى، Asp ئىجرا بولۇش مۇھىتىنى قاچىلاش ، Asp پروگراممىسىنى تۈزۈش ئىنتايىن ئاسان ،شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى ئۆگەنگۈچىلەرگە ئىنتايىن مۇۋاپىق كېلىدۇ،ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەركەتچان توربەت تۈزۈش ماھارىتىنى ئۆزلەشتۈرىۋالغىلى بولىدۇ.

نۆۋەتتە Aspئەڭ راۋاجلانغان ،توردا ھەرخىل ماتېرىياللار ناھايىتى كۆپ ،كۆپچىلىك تېخىمۇ تىز ئۆگىنەلەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە بۇ ئۈچ خىل تىلنىڭ مەقسىتى چوڭ جەھەتتىن ئوخشاش ،پەرقى كىچىك،مەلۇم جۈملە ۋە فونكسىيەلەردە پەرق ۋە ئوخشاشلىق بار، بىرخىل پروگراممىلا تىلنى ئىگەللەپ پەرقنى بىلگەندىن كېيىن ، بۇبىرى ئارقىلىق ھەممىسنى بىلىۋالغىلى، بىرچالمىدا ئۈچ پاختەك سوققىلى بولىدۇ .

## 1ـ كۆنۈكمە

1ـ ئىزاھلاڭ :

① تىنچ ھالەتتىكى توربەت

② ھەركەتچان ھالەتتىكى توربەت

③ مۇلازىمېتىر

④ ئابونت

2ـ شاكىر http://www.yahoo.com.cn تور بېكىتىنى زىيارەت قىلسا بۇچاغدا ئابونت قايسى؟مۇلازىمېتىر قايسى؟

3ـ ئەگەرشاكىر ئۆزىنىڭ كومپيۇتېرىدىكى تور بېكەتنى زىيارەت قىلسا بۇچاغدا ئابونت قايسى؟مۇلازىمېتىر قايسى ؟

4ـتىنچ ھالەتتىكى توربەتنىڭ خىزمەت پرىنسىپىنى بايان قىلىڭ .

5 ـ ھەركەتچان ھالەتتىكى توربەتنىڭ خىزمەت پرىنسىپىنى بايان قىلىڭ .

6ـ Asp,Jsp,Php لارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋەيتەرسىزلىكنى سېلىشتۇرۇڭ .

# 2ـ باب  تۆنجى قەدەم

**بۇ بابنىڭ مۇھىم نۇقتىسى :**

- Asp ئىجرا بولۇش مۇھىتىنى قۇرۇش .
- ئاددىي بىر Asp ھۆججىتى قۇرۇش،ساقلاش ۋە كۆزىتىش .

## 2ـ1. Asp  ئىجرا بولۇش مۇھىتىنى قۇرۇش

ئالدىنقى بابتا ئۆگىنىپ ئۆتكەنىدەك Aspھۆججىتى مۇلازىمېتىردا ئىجرا بولىدۇ،شۇڭا Aspئۆگىنىشتە Aspنىڭ ئىجرابولۇش مۇھىتىنى قۇرۇپ چىقىش زۆرۈر.

مولازىمەتچىگە ئىجرا بولۇش مۇھىتىنى قاچىلاشتا تۆۋەندىكىلەردىن بىرنى تاللاش كېرەك :

(1) Windows 2000 +IIS 5.0 （Internet 信息服务管理器 5.0）

(2) Windows XP +IIS 5.0（Internet 信息服务管理器 5.0）

(3) Windows 98 +PWS 4.0 (Personal Web Server4.0,个人服务管理器)

(4) Windows NT + Windows NT Option Pake

ئابونتتا پەقەت ئادەتتىكى بىر كۆزەتكۈچ بولسىلا بولىدۇ. مەسلەن : Internet Explorer

ئويلاپ باقسىڭىز ئۆگىنىشتە مۇھىم بىرشارائىت بار،ئۇبولسىمۇ ئاۋۋال ئۆزىڭىزنىڭ كومپيۇتېرىدا Asp پروگراممىلرىنى يېزىپ سىنىغاندىن كېيىن ئۇنى توردىكى مەخسۇس مولازىمېترغا يوللاش .

مۇنداق پروگراممىا يېزىپ ئىجراقىلىپ سىناشتا ئۆزىڭىزنىڭ كومپيۇتېرى ھەم مولازىمېتىر ھەم ئابونىت ، شۇڭا مولازىمەتچى يۇمشاق دېتالى بىلەن ئابونت يۇمشاق دېتالىنى قاچىلاش زۆرۈر .

كەڭ دائىردە ئومۇمىي ئەھۋالنى ئاساس قىلىپ ،بۇكتابتا ئاساسلىقى Windows 2000 مەشغۇلات سىستېمىسىدا Aspپروگراممىلرىنى يېزىپ سىناپ ئىجراقىلىش بايان قىلىنىدۇ .

ئەگەر قۇلايلىق بولسا Windows 2000 مەشغۇلات سىستېمىسىنى قاچىلاپ ،ئەگەر قۇلايسىز بولسا تور بىكەت زىيارەت قىلىشنى قوللايدىغان مۇناسىۋەتلىك مەشغۇلات سىستېمىسىنى قاچىلاپ تونۇشتۇرۇلىدۇ.

تۆۋەندە خەنزۇچە Windows 2000دا IIS 5.0 نى قاچىلاش ۋە بەلگىلەشنى تونۇشتۇرىمىز .

### 2ـ1 ـ1. IIS 5.0 نى قاچىلاش

ئەگەر Windows 2000 Server ياكى Windows 2000 Advance Server نەشرلىرى بولسا ئادەتتە IIS5.0 ئاپتوماتىك قاچىلانغان بولىدۇ.

ئەگەر Windows 2000 Professional بولسا ئاپتوماتىك قاچىلانمىغان،قاچىلاش ئۇسۇلى مۇنداق،تۆۋەندىكىلەرنى تەرتىپ بويىچە تاللاڭ :

【开始】←【设置】←【控制面板】←【添加/删除程序】نى ئاچىمىز ،

【添加/删除程序】دىئالوگ رامكىسىدىن 【添加/删除程序Windows 组件】 Internet信息服务（IIS） نى تاللاپ نى ئاچىمىز2ـ1.رەسىمدىكىدەك دىئالوگ رامكىسىدىن

下一步 (كېيىنكى قەدەم)كۇنۇپكىسىنى باسىمىز ،كۆرسەتمىگە ئاساسەن يەنە下一步 (كېيىنكى قەدەم)كۇنۇپكىسىنى،完成(تامام)كۇنۇپكىسىنى باسىمىز .




2ـ1.رەسىم

قاچلاپ بولغاندىن كېيىن Internet Explorerنى ئېچىپ ئادرېس ئىستونىغاhttp://localhost دەپ يېزىپ قايتۇرۇش كۇنۇپكىسىنى باسقاندا، قارشى ئېلىش ئۇچۇرى كۆرۈنسە ئۇڭۇشلۇق قاچىلانغان بولىدۇ.

ئۇڭۇشلۇق قاچىلانغاندىن كېيىن 我的电脑 (كومپيۇتېرىم)سىنبەلگىسىنى تاللاپ، مائۇس ئوڭ كونۇپكىسىنى چېكىمىز، 管理 (باشقۇرۇش)نى تاللايمىز:




2ـ2.رەسىم

2ـ2.رەسىمدىكىدەك سول تەرەپتىن[مۇۋاپىقwebبېكىتى (默认网站)]نى تاللىغاندا ئوڭ تەرەپتە C:\Inetpub\wwwrootئىچىدىكى مەزمۇنلار كۆرسىتىلىدۇ.

مەزكۇر ھۆججەت قىسقۇچ www نىڭ ئاساسىي مۇندەرىجىسى بولۇپ IIS 5.0 نى قاچىلاش جەريانىدا ئاپتوماتىك ھاسىل بولغان.

ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا كۆپچىلىك ئىشلىگەن تور بەت ھۆججەتلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ھۆججەت قىسقۇچقا ياكى مۇشۇ ھۆججەت قىسقۇچ ئىچىدىكى تارماق ھۆججەت قىسقۇچقا ساقلىنىدۇ.

## 2.1.2. Asp ھۆججىتىنى كۆزىتىش

كۆپچىلىك 2.1 ـ رەسىمدە كۆرگەندەك www نىڭ ئاساسىي مۇندەرىجىسى بولسا C:\Inetpub\wwwroot، ھازىر خالىغان بىر Asp ھۆججىتىنى مۇشۇ ھۆججەت قىسقۇچ ئىچىگە كۆچۈرەيلى، كۆچۈرۈلگەن ھۆججەت (temp.asp) نى تۆۋەندىكى ئۇسۇللار ئارقىلىق كۆزىتىشكە بولىدۇ :

(1) http://localhost/temp.asp

(2) http://127.0.0.1/temp.asp

(3) http:// كومپيۇتېرىڭىزنىڭ ئىسمى /temp.asp

(4)http:// كومپيۇتېرىڭىزنىڭ IP ئادرېسى /temp.asp

دىققەت : 3 ـ خىل ئۇسۇل بىلەن ئادەتتە ئۆزىڭىزنىڭ كومپيۇتېرىدىكى ئۆزىڭىزنىڭ Asp ھۆججىتىنى زىيارەت قىلىشقا بولىدۇ. 4 ـ خىل ئۇسۇلدا باشقىلار Internet ئارقىلىق كومپيۇتېرىڭىزدىكى Asp ھۆججىتىڭىزنى زىيارەت قىلالايدۇ، ئالدىنقى شەرت شۇكى بۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلار كومپيۇتېرىڭىزنىڭ IP ئادرېسىنى چوقۇم بىلىشى كېرەك.

ئوخشىمىغان مەزمۇندىكى تور بەت ئاچماقچى بولغاندا C:\Inetpub\wwwroot ئاستىغا يېڭىدىن بىر تارماق ھۆججەت قىسقۇچ قۇرۇش كېرەك. مەسىلەن : www دەپ ھۆججەت قىسقۇچ قۇرۇشقا بولىدۇ: C:\Inetpub\wwwroot\www

زىيارەت قىلغان ۋاقىتتا ئوخشاشلا ھۆججەت قىسقۇچنىڭ ئادرېسىنى ماس ھالدا http://localhost/www /temp.asp قىلىپ يازىمىز، باشقىلىرىنىڭمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ .

## 2.1.3. تەقلىدىي مۇندەرىجە قوشۇش

قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ھازىر بىز ئالدىقاچان «C:\Inetpub\wwwroot\» ھۆججەت قىسقۇچىغا Asp ھۆججىتىنى قۇرۇپ بولدۇق، لېكىن Asp ئۆگىنىشتە ئەڭ ياخشىسى بىز تۆۋەندىكى ئۇسۇل بويىچە ھەربىرىگە تور بەت ئاچقاندا يېڭى بىر تەقلىدىي مۇندەرىجە قوشۇشىمىز لازىم :

2.2 ـ رەسىمدىكىدەك كۆزنەكتە مۇۋاپىق web بېكەتنى (默认网站) نىڭ ئۈستىدە مائۇسنىڭ ئوڭ كۇنۇپكىسىنى چېكىپ 新建虚拟目录 (يېڭى تەقلىدىي مۇندەرىجە قۇرۇش) كوماندىسىنى تاللايمىز، 下一步 (كېيىنكى قەدەم) كۇنۇپكىسىنى باسىمىز:




3ـ2.رەسىم

3ـ2.رەسىمدىكىدەك كۆزنەكتە 别名(ئىسىم)دېگەن كاتەكچىگە خالىغان ئىسىم كىرگۈزۈپ(مەسىلەن:www) 下一步(كېيىنكى قەدەم)كۇنۇپكىسىنى باسىمىز،تۆۋەندىكى كۆزنەك چىقىدۇ :




4ـ2.رەسىم

4ـ2.رەسىمدىكىدەك كۆزنەكتە 浏览(كۆزىتىش)كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تور بەت ھۆججەتمىز ساقلانغان ھۆججەت قىسقۇچنى تاللايمىز (يۇقاردىكى مىسالدا تاللانغىنى : D:\Inetpub\wwwroot\www) يەنە 下一步(كېيىنكى قەدەم)كۇنۇپكىسىنى باسىمىز، ئەڭ ئاخىردا完成(تامام)كۇنۇپكىسىنى بېسىپ

ئاخىرلاشتۇرىمىز.

يېڭى بىر تەقلىدىي مۇندەرىجە قوشۇلغاندىن كېيىن IEكۆزەتكۈچ ئادرېس ئىستونىغا :

http://localhost/www /temp.asp دەپ كىرگۈزۈپ زىيارەت قىلىشقا بولىدۇ .



دىققەت: يۇقىرىدىكى wwwبولسا تەقلىدىي مۇندەرىجىنىڭ ئىسمى، ئەمەلىيەتتە باشقا ئىسمى قوللانساقمۇ بولىدۇ، ئىسمىنىڭ چوقۇم مۇشۇنداق بولۇشى شەرت ئەمەس، ئەمما يېڭى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن تەقلىدىي مۇندەرىجە ئىسمى بىلەن ھۆججەت قىسقۇچ ئىسمىنى بىردەك قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز، بۇنداق بولغاندا مەزمۇن ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ .

## 4ـ1ـ2.مۇۋاپىق ھۆججەت بەلگىلەش

مۇۋاپىق ھۆججەتنىڭ مۇنداق رولى بار، ئەگەر كۆزەتكۈچ ئادرېس ئىستونىغا http://localhost/www دەپ كىرگۈزگەندە ھەم تور بەت ھۆججىتىنىڭ ئىسمىنى كىرگۈزمىگەندە سىستېما ئاپتوماتىك ھالدا www ھۆججەت قىسقۇچ ئىچىدىن مۇۋاپىق ھۆججەتنى ئىزدەيدۇ،ھەم تېپىپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

مەسىلەن: 5ـ2.رەسىمدىكىدەك مۇۋاپىق ھۆججەت بەلگىلىسەك ئاۋۋال index.asp نى ئىزدەيدۇ،تاپالمىسا index.htm نى ئىزدەيدۇ.

بۇ كىتابتا ئادەتتە index.asp ياكى index.htm مۇۋاپىق ھۆججەت قىلىپ بەلگىلەنگەن،بەلگىلەش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك .

2ـ2.رەسىمدىكىدەك كۆزنەكتە قوشۇلغان تەقلىدىي مۇندەرىجىنى تاللاپ مائۇسنىڭ ئوڭ كۇنۇپكىسىنى چېكىپ چىققان تىزىملىكتىن 【属性】(خاسلىق) كوماندىسىنى تاللانسا 5ـ2.رەسىمدىكىدەك خاسلىق دىئالوگ رامكىسى كۆرۈنىدۇ،بۇنىڭ ئىچىدىكى index.asp ياكى index.htm مۇۋاپىق ھۆججەت قىلىپ بەلگىلەشكە بولىدۇ.




5ـ2.رەسىم

## 2ـ1ـ5. خۇلاسە

سىز يېڭى تور بەكەت قۇرۇشتا (مەسىلەن: ئىدارە-ئورگان توربېتى،شەخسىي توربەت قاتارلىقلار )ئەڭ ياخشىسى تۆۋەندىكى قەدەملەرنى بېسىپ ئۆتۈڭ :

① D:\Inetpub\wwwroot\ ئاستىغا يېڭى بىرتارماق ھۆججەت قىسقۇچ قۇرۇڭ.

②مەزكۇرھۆججەت قىسقۇچ ئۈچۈن تەقلىدىي مۇندەرىجە قوشۇڭ.

③مەزكۇرھۆججەت قىسقۇچ ئاستىغا aspھۆججەتلىرىڭىز ۋەباشقا توربەت ھۆججەتلىرىڭىزنى قويۇڭ .

## 2ـ2. asp ھۆججەتلىرىنى تەھرىرلەش قوراللىرى

Aspھۆججەتلىرىنى تەھرىرلەشتە ئەڭ ياخشى قورال: Microsoft Visual IniterDev بونىڭدىن پايدىلىنىپ پىرۇش ۋە سىناشقا بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە باشقا ئىشلارنىمۇ قىلغىلى بولىدۇ، چوڭ تىپتىكى توربروگراممىلىرنى تۈزگەندە ئەڭ ياخشىسى مۇشۇنى ئىشلىتىڭ .

بىراق يىڭى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئىپتىقادا خاتىرە دەپتەر (记事本) ، FrontPage، Dreamweaver قاتارلىق خالىغان تەھرىرلىگۈچلەرنى ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ،بونىڭدا يېزىپ بولغاندىن كېيىن ھۆججەت ساقلاشتا كېڭەيتىلگەن نامى ئۈچۈن «asp.» نى قوشۇپ قويسىڭىز بولىدۇ.

بۇكىتابتا تەۋسىيە قىلىدىغىنىمىز: Macromedia Dreamweaver MX

بونىڭداAsp پروگراممىسى بىلەنHTML پروگراممىسى ئايرىم رەڭلەر بىلەن كۆرسىتىلىدۇھەم يەنە بونىڭ بىلەن ياردەم ھۆججەتلىرى ۋە مۇرەككەپ بولغان HTMLجۈملىلىرىنى يېزىشقا بولىدۇ .

رەسىم2ـ6. Macromedia Dreamweaver MXنىڭ كۆرۈنۈشى بېرىلدى، ئىچىدىكى مەزمۇن يىڭى بىر Aspھۆججىتى قۇرۇلغان چاغدىكى مەزمۇن،ئۇنىڭدا مەشغۇلات ئۇسۇلى Word غاياكى خاتىرە دەپتەر(记事本) گە ئاساسەن ئوخشايدۇ .




رەسىم2ـ6. Macromedia Dreamweaver MX نىڭ كۆرۈنۈشى

## 3ـ2. ئاددىي بىر Asp ھۆججىتىنىڭ تۈزۈلۈشى

ھازىر ئاددىي بىر مىسال كۆرۈپ ئۆتىمىز،بۇنىڭدىن بىر Aspھۆججىتىدە بىرجەريان تاماملىنىدىغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

تۆۋەندە ھازىرقى چىسلا بىلەن ۋاقىتنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان Aspپروگراممىسى يازىمىز .



تەرتىپلىك بولۇشى ئۈچۈن بۇكىتابتا D:\Inetpub\wwwroot\ ئاستىغاasptempدەپ بىر ھۆججەت قىسقۇچ قۇرۇلغان، بۇكىتابتىكى بارلىق مىساللار بابلارغا ئايرىلىپ D:\Inetpub\wwwroot\asptempئاستىغا ساقلانغان.

## 1ـ3ـ2. Aspھۆججىتى قۇرۇش

【Macromedia Dreamweaver MX】نى ئېچىپ «يېڭى بېكەت قۇرۇۋالىمىز»:بۇنىڭ ئۈچۈن 【站点】(بېكەت)تىزىملىكىدىن 【新建站点】(يېڭى بېكەت قۇرۇش) نى تاللايمىز،تۆۋەندىكىدەك كۆزنەك چىقىدۇ :




7ـ2.رەسىم

ئىسىم كىرگۈزگەندىن كېيىن 下一步(كېيىنكى قەدەم)كۇنۇپكىسىنى باسىمىز،يەنەبىر كۆزنەك چىقىدۇ،تور بەت ھۆججەتلىرىنى ساقلىماقچى بولغان ھۆججەت قىسقۇچنى كۆرسىتىپ بېرىمىز،بۇكىتابتا كۆرسىتىلگەن ھۆججەت قىسقۇچ D:\Inetpub\wwwroot\asptemp




2‐8.رەسىم

选择(تاللاش)كۇنۇپكىسىنى بېسىپ下一步(كېيىنكى قەدەم)كۇنۇپكىسىنى باسىمىز,يەنە下一步(كېيىنكى قەدەم)كۇنۇپكىسىنى باسىمىز,完成(تامام)كۇنۇپكىسىنى باسىمىز.

ئەمدى 文件 (هۆججەت)تىزىملىكىدىن新建(يېڭىدىن قۇرۇش)كوماندىسىنى تاللايمىز, تۆۋەندىكىدەك كۆزنەك چىقىدۇ, رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك تاللاڭ,创建 (قۇرۇش)كۇنۇپكىسىنى بېسىڭ :




2‐9.رەسىم

يېڭىدىن بىر هۆججەت قۇرۇلدى، هازىرمۇناسىۋەتلىك پروگراممىنى يازساق بولىدۇ,بۇنىڭ ئۈچۈن查看

(تەكشۈرۈپ كۆرۈش)تېزىملىكىدىن 代码(كودى)كوماندىسىنى تاللايمىز،ئاندىن تۆۋەندىكىدەك جۈملىلەرنى يازىمىز :
2ـ1. مىسال : (2ـ1.asp) ۋاقىت كۆرسىتىش

```
<html>
<head>
    <title>一个简单的 ASP 程序</title>
</head>
<body>
    <h2 align="center">欢迎您光临我的主页</h2>
    <p align="center">
    <%
    sj="您来访的时间是：" & date() & time()
    Response.Write sj            'نەتىجىنى كۆرسىتىش
    %>
</body>
</html>
```

چوڭ خەت بىلەن يېزىلغان جۈملىنى <body >نىڭ ئاستىغا </body >نىڭ ئۈستىگە يازساق بولىدۇ .



**Response.Write**جۈملىسى بەت يۈزىگە مەزمۇن چىقىرىشنى ئىپادىلەيدۇ، 4ـبابتا تەپسىلىي سۆزلەيمىز،بۇيەردە پەقەت ئېسىڭىزدە تۇتۇۋالسىڭىز كۇپايە،«**نەتىجىنى كۆرسىتىش**» بولسا چۈشەندۈرۈش جۈملىسى، ئىجرا بولمايدۇ، 3ـ12.پاراگرافتا تەپسىلىي سۆزلەيمىز.

## 2ـ3ـ2. Aspھۆججىتىنى ساقلاش

يېزىپ بولغاندىن كېيىن ساقلاش ئۈچۈن 【文件】(ھۆججەت)تېزىملىكىدىن 【保存】(ساقلاش)كوماندىسىنى تاللايمىز. 【2ـ1.asp】 دەپ نام بېرىمىز .




2ـ10.رەسىم

(يۇقاردىكى رەسىمدىكىدەك) 【保存】(ساقلاش)كۆنۈپكىسىنى باسىمىز.

## 3ـ3ـ2. Aspهۆججىتىنى كۆزىتىش

كۆزەتكۈچنى (InternetExplorer) ئېچىپ ئادرېس ئىستونىغا http://localhost/asptemp/chapter2/2ـ1.asp دەپ كىرگۈزۈپ قايتۇرۇش كۆنۈپكىسىنى باسىمىز. تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك بەت ئېچىلىدۇ، بۇيابىز يازغان جۈملىنىڭ ئىجرا بولۇش نەتىجىسى .




رەسىم.11ـ2

كۆرسىتىلگىنى مۇلازىمەتچى كومپيۇتېرنىڭ هازىرقى ۋاقتى بىلەن چىسلاسى.

يۇقىرىقى بەت ئۈستىدە مائۇسنىڭ ئوڭ كۆنۈپكىسىنى چېكىپ چىققان تىزىملىكتىن [查看源文件](ئەسلى هۆججەتنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش) كوماندىسىنى تاللىساق بۇچاغدا تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك بەتنىڭ ئەسلى كودى كۆرۈنىدۇ :




رەسىم.12ـ2

كۆرسىتىلگىنى ئابونتقا ئەۋەتىلگەن ھۆججەت بولۇپ،asp ھۆججىتى يېشىپ ئىجراقىلىنغاندىن كېيىن ھاسىل بولغان ھۆججەت، بايامقى بىز يازغان 【2_1.asp】 ھۆججەتكە سېلىشتۇرساق پروگراممىنىڭ ئاللىقاچان HTMLبەلگىللىرىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى بايقايمىز.

## Asp.4_2 نىڭ گىرامماتىكىسى بىلەن تونۇشۇش

يۇقارقى«1_2.asp» دىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ : asp ھۆججىتى ئۆلچەملىك HTML بېتىگە كىرگۈزۈلگەن VBScriptجۈمىلىلىرىدىن ئىبارەت . <% بىلەن %>ئىچىگە ئېلىنغىنى VBScriptكودى ، Date(),Time()دىن ئىبارەت ئىككى فونكسىيە VBScriptفونكسىيىسى .

ئاددىي قىلىپ ئېيتساق : aspھۆججىتى دېگىنىمىز- ئۆلچەملىك HTMLبېتىگە كىرگۈزۈلگەن VBScriptجۈمىلىلىرى ياكى JaVaScriptجۈمىلىلىرىدىن ئىبارەت.

### 2_4_1. Asp ھۆججىتىنىڭ ئاساسىي تۈزۈلۈشى

ئاددىي بىر asp ھۆججىتى تۆۋەندىكى ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ :

①ئادەتتىكى HTMLھۆججىتى يەنى ئادەتتىكى Webبېتىدە بار بولغان مەزمۇن .

② مۇلازىمېتىردىكى Scriptپروگراما كودى: <% بىلەن %>ئىچىگە ئېلىنغان مەزمۇن .

③ ئابونىت كومپيۇتېرىدىكى Scriptپروگراما كودى: <Script>…</Script>ئارىلىقىغا يېزىلغان مەزمۇن .

### 2_4_2. Asp ھۆججىتىنىڭ ئۆلچىمى

① بارلىق Scriptپروگراما كودىنى <% بىلەن %>ئىچىگە ئېلىپ يېزىش شەرت.

② asp دە VBScript تىلىنى ئىشلىتىش مۇۋاپىقراق ،ئەگەر asp بېتىدە باشقا تىلنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە تۆۋەندىكىدەك ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ :

<%@Language=VBscript %> '(VBScriptتىلى)

ياكى

<%@Language=Javascript %> '( Javascriptتىلى)

③ئومۇمەن ؛بۇكىتابتا VBScriptتىلى ئىشلىتىلدۇ.

## 2_5. Asp پروگراممىسى تۈزگەندە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

① asp پروگراممىلىرىدا ئىنگلىزچە ھەرپلەرنىڭ چوڭ-كىچىك يېزىلىشىنىڭ پەرقى بولمايدۇ، شۇڭا بۇكىتابتىكى پروگراممىلاردا بەزىدە چوڭ ھەرپ،بەزىدە كىچىك ھەرپ ئىشلىتىلگەن، ئاساسلىقى گىرامماتىكىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش، چۈشىنىش ۋە ئەستە ساقلاشقا ئاسان بولۇش مەقسەت قىلىنغان.

② asp پروگراممىلىرىدا ھەرپ - بەلگىلەر ئىنگلىزچە خەت كىرگۈزۈش ھالىتىدە يېزىلىدۇ ،ئۇنداق بولمىغاندا خاتالىق چىقىدۇ،پەقەت بىرخىل ئەھۋال بۇنىڭ سىرتىدا ،مەسىلەن :

<% a= "大家好 ： 现在开始学习 "%>

يۇقارقىدەك خەنزۇچە خەتلەر ئارىسىدىكى چېكىت، قوش چېكىت،پەش، قوش پەش ،ئۈندەش،تىرناق قاتارلىق بەلگىلەر خەنزۇچە خەت كىرگۈزۈش ھالىتىدە يېزىلسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

③ ئادەتتە HTMLئېلېمېنتلىرى بىر قۇردا ئۇلاپ يېزىلىدۇ،لېكىن Aspجۈملىسىنى ئايرىم بىرقۇرغا يېزىش لازىم . كۆپ شەرتلىك Aspجۈملىسىنى بىرقۇرغا يېزىشقا بولمايدۇ، بىرشەرتلىك Aspجۈملىسىنى كۆپ قۇرغا يېزىشقا بولمايدۇ،مەسىلەن :تۆۋەندىكى ئىككى مىسالدا خاتالىق بار :

```
(1)  <% a=1     b=3              %>
(2)  <% a =
       1     %>
```

ئالاھىدە ئەھۋالدا Aspجۈملىسى بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتكەندە بىرقۇرغا يېزىشقا بولمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟بۇچاغدا ئىككى خىل ھەل قىلىش ئۇسۇلى بار :

(1) قايتۇرۇش كۇنۇپكىسىنى بېسىپ كۆپ قۇرغا بۆلۈپ يېزىش ،بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى مىسالدىكىدەك چوقۇم قۇر ئاخىرىغا ئاستى سىزىق بەلگىسى( _ ) قويۇش لازىم .(ئەڭ ئاخىرقى قۇر بۇنىڭ سىرتىدا ) :

```
<%
str ="学习 asp，必须多练习，可以参看专门书籍，也可以利用 Internet 下载 _
源代码研究 。"
%>
```

(2) قايتۇرۇش كۇنۇپكىسنى ئىشلەتمەي بىۋاستە يېزىش ،ئۆزلىكىدىن قۇر ئالماشتۇرۇش .

بۇكىتابتا كۆپىنچە ئىككىنچى خىل ئۇسۇل قوللىنىلغان .

④ aspپروگراممىلىرىدا <%ۋە%>نىڭ ئورنىنى خالىغانچە بېكىتىشكە بولىدۇ ،بىرقۇرغا يېزىلسىمۇ ،ئايرىم بىر قۇرغا يېزىلسىمۇ بولىدۇ ،تۆۋەندىكى مىسالدىكىدەك مۇنداق بىرنەچچە خىل ئۇسۇلدا يېزىلسا كۈچكە ئىگە :

```
<%     for i=1 to 5    %>
```

ياكى

```
<%     for i=1 to 5
%>
```

ياكى

```
<%
      for i=1 to 5
%>
```

⑤نورمال ئۆگىنىش ئادىتى يېتىلدۈرۈشىڭىز كېرەك . مەسىلەن :ئۆگىنىشتە باشقىلاربىلەن بىرلىكتە ھەمكارلاشسىڭىز، كىتاب -ماتېرىياللارنى، مىساللارنى كۆرۈپ-پايدىلىنىش ئاسان، بولمىسا كۆرۈپ - پايدىلىنىشتا قىيىنچىلىققا يولۇقۇشىڭىز مۇمكىن .

⑥ aspدا پروگراماتۈزگەندە HTML جۈملىسى قوشۇلسا بولىدۇ،ئىككىسى ناھايىتى ياخشى ماسلىشىدۇ .ئەمەلىيەتتە aspبېتىنى تەھرىرلىگەندە HTML تەھرىرلەش قوراللىرىدىن تولۇق پايدىلىنىشقا بولىدۇ(مەسىلەن :  FrontPage، Dreamweaver)،بۇخىل قوراللاردىن پايدىلانغاندامۇرەككەپ بولغان HTMLجۈمللىرىنى (مەسىلەن :جەدۋەل دېگەندەك ) يازغىلى ،HTMLجۈمللىرى ئارىسىغا VBScript(<% %>ئىشلىتىلگەن )پروگراممىلىرىنى قىستۇرغىلى بولىدۇ ،مۇندا ق تۈزگەندە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ .

## 2ـ كۆنۈكمە

(1) جاۋاب بېرىڭ .

①مەلـــۇم بىرســـاۋاقداش بىـــرaspهـــۆججىتى تـــۈزەپ كۆزىتـــشتە C:\Inetpub\wwwroot ئاســـتىغا ســـاقلىغاندىن كېـــيىن ئارخـــىپ باشـــقۇرغۇچ (Windows 资源管理器)نـــى قـــوش چەككەنـــدە نورمـــال كۆرەلمىگەن،بۇنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بېرىڭ .

②ئـــويلاپ بېقـــىڭ : HTMLتـــور بەت ھۆججىتىنـــىڭ كېڭەيـــتىلگەن نـــامىنى بىۋاســـتە aspگە ئۆزگەرتـــشكە بولامدۇ ؟

③2ـ1ـ2.پاراگرافتاخالىغـــانaspهـــۆججىتىنى زىيـــارەت قىلـــىش ســـۆزلەنگەن، ئەگەرHTMLهـــۆججىتىنى زىيارەت قىلماقچى بولسىڭىز،بۇنىڭ ئۇسۇلىمۇ يۇقارقىغا ئوخشاش بولامدۇ ؟

(2) ئەمەلىي مەسىلە

① ئۆزىڭىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن aspنىڭ ئىجرا بولۇش مۇھىتىنى قۇرۇپ چىقىڭ.

② C:\Inetpub\wwwroot ئاســـتىغا asptempدەپ تارمـــاق هـــۆججەت قـــىسقۇچ قـــۇرۇڭ ھەمـــدە تەقلىـــدىي مۇنـــدەرىجە بەلگىـــلەڭ ، Index.asp بىـــلەن Index.html نـــى مۇۋاپىـــق هـــۆججەت قىلىـــپ بەلگىلەڭ .

③توردىن Macromedia Dreamweaver MX نى چۈشۈرۈپ قاچىلاڭ .

④تونۇشـــتۇرۇلغان مـــسالغا ئاساســـەن يېڭـــى بىـــرaspهـــۆججىتى قـــۇرۇڭ ،تـــوربەتتە زىيـــارەت قىلغـــان چاغـــدىكى چىسلانى كۆرسەتسۇن .

⑤ (IIS نـــىڭ مەخـــسۇس كىتابلىرىـــدىن پايـــدىلىنىپ) ئـــويلاپ بېقـــىڭ، asp هـــۆججىتىنى چوقـــۇم C:\Inetpub\wwwrootگە ساقلاش كېرەكمۇ ؟باشقا هۆججەت قىسقۇچقا ساقلاشقىمۇ بولامدۇ ؟

# 3-باب asp نىڭ تايانچىسى ---- VBScript

**بۇ بابنىڭ مۇھىم نۇقتىسى:**

- ئۆزگەرگۈچى مىقدارنى ئېنىقلاش،قىممەت بېرىش،نام بېرىش قائىدىسىنى پىششىق بىلىۋېلىش .
- ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش بەلگىسى،ئۇلاپ ھېسابلاش بەلگىسى،سېلىشتۇرۇپ ھېسابلاش بەلگىسى ۋە بىرقانچە لوگىكىلىق ھېسابلاش بەلگىلىرىنى پىششىق بىلىۋېلىش.
- ئايلاندۇرۇش فۇنكسىيىلىرىدىن CDate ،CInt،CSrtقاتارلىقلارنى پىششىق بىلىۋېلىش.
- ھەرپ-بەلگەفۇنكسىيىلىرىدىن Ucase،Lcase،Replace،Trim،Mid،Lenقاتارلىقلارنى پىششىق بىلىۋېلىش .
- چېسلابىلەن ۋاقىت فۇنكسىيىلىرىدىن،Weekday،Now،Timeقاتارلىقلارنى پىششىق بىلىۋېلىش.
- ماتېماتىكىلىق فۇنكسىيەلەردىن Int ،Rndقاتارلىقلارنى پىششىق بىلىۋېلىش.
- تارماق پروگراممىا ۋە فۇنكسىيەلەرنى ئېنىقلاش ،تەڭشەپ ئىشلىتىش ،شەكلىي پارامېترۋە ئەمەلىي پارامېترلارنى پىششىق بىلىۋېلىش.
- For...Nextدەۋرىيلىك جۈملىسى ،Do...Loopدەۋرىيلىك جۈملىسىنى پىششىق بىلىۋېلىش.

## 3-1.تايانچى تىل ھەققىدە

تايانچى تىل دېگىنىمىز : HTML تىلى ۋە VisualBasic ، Java قاتارلىق ئالىي دەرىجىلىك تىللارئارىسىدا تۇرىدىغان بىرخىل تىل .

ئۇئالىي دەرىجىلىك تىللارغا يېقىن تۇرىدۇ ،لېكىن ئالىي دەرىجىلىك تىللارغا سېلىشتۇرغاندا ئۆگىنىش ئاسان،ئالىي دەرىجىلىك تىللاردەك كۈچلۈك ئىقتىدارغا ئىگە ئەمەس .

Asp تايانچى تىل ئەمەس ،بىراق ئۇ HTML بېتىگەسىڭدۈرۈلگەن تايانچى تىلنى ئىجرابولۇش مۇھىتى بىلەن تەمىنلىگەن . asp پروگراممىلىرىدادائىم ئىشلىتىلىدىغان تايانچى تىللاردىن VBScript،JavaScript قاتارلىق تىللار بار،مۇۋاپىقراق بولغىنى VBScript.

VBScriptتىلى بىۋاستە (Visual Basic) VBنى مەنبە قىلغان ، VBيەرشارىداكەڭ تارقالغان، ئۆگىنىش ئاسان تىللارنىڭ بىرى،پروگراممالايىھەلەشتە ئىقتىدارى كۈچلۈك،VBScriptئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن VB تىلىنى ئۆگىنىش كېرەك. بۇكىتابتا ئاساسلىقىVBScriptتونۇشتۇرۇلىدۇ.

تايانچى تىلنى مۇلازىمەتچىدىمۇ ،ئابونتتىمۇ ئىجراقىلىشقا بولىدۇ ،ئادەتتە asp پروگراممىلىرىدا VBScriptجۈملىسى مۇلازىمەتچىدە ئىجرا بولىدۇ،ئاممىباب قىلىپ ئېيتقاندا ؛ تايانچى تىل جۈملىلىرى<% %>ئىچىگە يېزىلىدۇ،بەزىدە مەلۇم ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئابونتتىمۇ ئىجراقىلىشقا بولىدۇ.

تۆۋەندە VBScriptنىڭ گىراممانىكىسىنى ئاددىي قىلىپ تونۇشتۇرىمىز .

## 3-2. VBScriptكودىنىڭ ئاساسلىق شەكلى

ئادەتتە asp پروگراممىسىدا VBScript جۈملىسىنى مۇلازىمېتىردا ئىجرا قىلىشقا بولىدۇ :

بۇنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار :

1- خىل ئۇسۇل :

<%VBScript كودى %>

2-خىل ئۇسۇل :

```
<Script Language="VBScript" Runat="Server">
VBScript      كودى
</Script>
```

> ئادەتتە aspپروگراممىلىرىدا 1-خىل ئۇسۇل كۆپ ئىشلىتىلىدۇ،2-خىل ئازساندا ئىشلىتىلىدۇ .

بەزىدە مەلۇم ئېھتىياج تۈپەيلىدىنVBScriptپروگراممىسى ئابونتتىمۇ ئىجراقىلىنىدۇ،بۇنىڭ ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك:

```
<Script Language="VBScript" >
VBScript      كودى
</Script>
```

ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ asp بىلەن مۇناسىۋىتى يوق،ئالدىنقىسىمۇ مۇشۇنداق ئىشلىتىلىدۇ .

## 3-3. VBScriptدىكى سانلىق مەلۇمات تىپلىرى

C++،VB قاتارلىق ئالىي دەرىجىلىك تىللاردا پۈتۈن سان ،ھەرپ-بەلگە ، لەيلىمە سان قاتارلىق ئوخشىمايدىغان سانلىق مەلۇمات تىپلىرى بار ،ئەمما VBScriptدا پەقەت بىر خىل سانلىق مەلۇمات تىپى بولۇپ Variantدەپ ئاتىلىدۇ .

Variantبىرخىل ئالاھىدە سانلىق مەلۇمات تىپى ،ئىشلىتىش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئوخشىمىغان سانلىق مەلۇمات ئۇچۇرلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ ،مەسىلەن :ھەرپ-بەلگىلەر،پۈتۈن سان،چىسلا... قاتارلىقلار .

بۇئوخشىمىغان سانلىق مەلۇمات تىپلىرىنى تارماق سانلىق مەلۇمات تىپلىرى دەپ ئاتايمىز. 3-1.جەدۋەلدە كۆرستىلدى .

**3-1.جەدۋەل: Variant نىڭ تارماق سانلىق مەلۇمات تىپلىرى**

| تارماق سانلىق مەلۇمات تىپلىرى | تارماق سانلىق مەلۇمات تىپلىرنىڭ چۈشەندۈرۈلىشى (قىممەت ئېلىش دائىرسى) |
|---|---|
| String | ھەرپ-بەلگىلەر |
| Byte | 0دىن 255گىچەبولغان پۈتۈن سان |
| Integer | -32,768دىن 32,767گىچەبولغان پۈتۈن سان ۋە ھەرپ-بەلگىلەر |
| Long | -2,147,483,648 دىن 2,147,483,647 گىچەبولغان پۈتۈن سان |
| Single | تاق ئىنىقلىقتىكى لەيلىمە سان |
| Double | قوش ئىنىقلىقتىكى لەيلىمە سان |
| Date(Time) | مەلۇم كۈندىكى چىسلا بىلەن ۋاقىتنى ئىپادىلەيدۇ. |
| Boolean | بولىئان (راست) 【True】 بىلەن يالغان 【False】 نى ئىپادىلەيدۇ ) |
| Currency | قىممەت ئېلىش دائىرسى -922,337,203,685,477.5808 دىن 922,337,203,685,477.5807 گىچە |
| Empty | ئۆزگەرگۈچى مىقدار مۇقىملاشمىغاندائەگەرپروگراممىدا سان بولساقىممىتى 0، ھەرپ -بەلگە بولسا قىممىتى ("") بولىدۇ. |
| Null | ھەرقانداق ئىناۋەتلىك سانلىق ئۆزگەرگۈچى مىقدارنى ئۆزئىچىگە ئالمايدۇ. |
| Object | بىرئوبيېكتنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. |

ئادەتتىكى ئەھۋالدا Variantۋەكىللىك قىلغان تارماق سانلىق مەلۇمات تىپى ئۆزلىكىدىن ئايلاندۇرۇلىدۇ،لېكىن بەزى ۋاقىتتا سانلىق مەلۇمات تىپلىرى ماس كەلمەي خاتالىق چىقىدۇ ،خوددى بىرتال بىلىقنى بىرئادەمگە قوشسا خاتابولغاندەك،بۇۋاقىتتا VBScriptدىكى ئايلاندۇرۇش فۇنكسىيلىرىنى ئىشلىتىپ يولۇققان سانلىق مەلۇمات تىپلىرىنى ئايلاندۇرۇشقا بولىدۇ .

## 4.3. VBScriptدىكى تۇراقلىق مىقدار

تۇراقلىق مىقدار تۇراقلىق سانلىق قىممەتكە ئىگە ،ئۇ ھەرپ-بەلگىلەر،سان،چېسلا قاتارلىق تۇراقلىق قىممەتلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.تۇراقلىق مىقدار ئېنىق ، ئۆزگەرمەس قىممەتكە ئىگە .

تۇراقلىق مىقدارنىڭ ئەھمىيتى شۇكى : پروگراممىنىڭ ھەرقانداق بۆلىكىدە تۇراقلىق قىممەتكە ئىگەبولغاچقا پروگرامماتۈزۈش ئاسانلىشىدۇ ،مەسىلەن :پروگراممىدا π نى ئىپادىلەشتە 3.1415926قىلىپ ئىپادىلىنىدۇ،بۇنداقتا ئاسانلا خاتالىق چىقىدۇ ،بۇنى يەنىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇشقا بولىدۇ .

تۇراقلىق مىقدارنى ئېنىقلاشتا Const جۈملىسى ئىشلىتىلىدۇ ،مەسىلەن :

```
<%
Const PI=3.1415926
Const ConstString1="中华万岁"          ' ئىشلىتىلسەھەرپ-بەلگەتىپلىقلىقنى بىلدۈرىدۇ   "   "
Const ConstDate=#2002_10_12# ' ئىشلىتىلسەۋاقىت ياكى چېسلا تىپلىقلىقنى بىلدۈرىدۇ   #   #
%>
```

خوددى يۇقارقى مىسالدىكىدەكPIئېنىقلانغاندىن كېيىن پروگراممىنىڭ باشقا يەرلىرىدە PIئىشلىتىلسە قىممىتى 3.1415926 بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ ،مەسىلەن :

```
<%    Const PI=3.1415926
S=PI*R^2                     '    R چەمبەر رادىئۇسنى ئىپادىلەيدۇ
%>
```

تۇراقلىق مىقدارغا نام بېرىش قائىدىسى پروگراممالايىھەلەش تىللىرىدا ئومۇمەن ئوخشاش بولۇپ ھەرپ،سان،ئاستى سىزىق بەلگىسى ئىشلىتىلىدۇ ،ئەمما تەركىبىدىكى بىردانە ھەرپ چوقۇم ئىنگلىزچە بولۇشى شەرت،ئارىلىقلىرىدا چېكىت ياكى ھېسابلاش بەلگىللىرى قويۇشقا بولمايدۇ،255دانەھەرپتىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ .



*VBScriptدىكى ئاچقۇچلۇق سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ئاچقۇچلۇق سۆزلەردېگىنىمىز: End,Sub,Dim,Requestقاتارلىقلار.*

كۆپچىلىكنىڭ پروگرامماتۈزۈشتە ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز ،ئەڭ ياخشىسى تېخنىكىلىق ئاتالغۇلارنى قوللىنىڭ،مەسىلەن يۇقاردا كۆرسىتىلگەندەك ،تۇراقلىق مىقدارئالدىغا Constئىشلىتىلسە،بىرقاراپلا تۇراقلىق مىقدارئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ .

دىمەك؛ئۆزىڭىزنىڭلا ئەمەس باشقىلارنىڭمۇ چۈشىنىشىگىمۇ يول قويۇڭ،ئىسىم ئۇزۇن بولۇپ كەتسە ھېچقىسى يوق ،بىراق بەكلا ئۇزۇن بولۇپ كەتمىسۇن،بەزىلەرھەرپىنى چوڭ-كىچىك يېزىشقا ئامراق، مەسىلەن:ConstNumber،بەزىلەر ئاستى سىزىق ئىشلىتىشكە ئامراق، مەسىلەن:const_nomber،بۇنىڭدىن سىزنىڭ قىزىقىشىڭىزنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

نۇرغۇن ئالىي دەرىجىلىك تىللاردىكىدەك VBScriptدىمۇ توراقلىق مىقدارنىڭ رولى تارماق جەريانىدا

ۋەئومۇمىي جەرياندا ئوخشاش بولمايدۇ .توراقلىق مىقدارنىڭ رولى ئۇنىڭ ئورنىغا باغلىق بولىدۇ ،ئەگەرتارماق پروگراممىا ياكى فۇنكسىيە ئىچىدە ئېنىقلانسا پەقەت شۇجەرياندىلا ئۈنۈملۈك بولىدۇ ،ئۇنداق بولمىسا پۈتۈن aspھۆججەتتە ئۈنۈملۈك بولىدۇ.دىققەت: بۇيەردە تۇراقلىق مىقدار پەقەت بىر توربەت ھۆججىتى ئىچىدىكى ئومۇمىي جەرياندا ئۈنۈملۈك ،ئەگەرئوخشىمىغان توربەت ھۆججەتلىرى ئارىسىدا سانلىق مەلۇمات يوللاشقا توغرا كەلسە Sessionئوبيېكتى ياكى باشقا ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىمىز،بۇتوغرىسىدا كېيىن ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز .

## 5.3 VBScriptدىكى ئۆزگەرگۈچى مىقدار

ئۆزگەرگۈچى مىقداردېگىنىمىز :كەسىپ نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ؛ ئىچكى ساقلىغۇچتىكى سانلىق مەلۇمات ئادرېسىنىڭ ئىسمىنى كۆرسىتىدۇ.ئۇنىڭ تۇراقلىق مىقداربىلەن بولغان پەرقى خېلىلا چوڭ ،تۇراقلىق مىقدار ئېنىق، (خالىغانچە بەلگىلەشكە بولىدۇ )قىممىتى ئۆزگەرمەيدۇ،لېكىن ئۆزگەرگۈچى مىقدار ئېنىقلانغاندىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ قىممىتى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ .

ئۆزگەرگۈچى مىقدارنى ئېنىقلاشتا Dim جۈملىسى ئىشلىتىلىدۇ ،مەسىلەن :

```
<% Dim a              ' aبولسابىر ئۆزگەرگۈچى مىقدار
Dim a,b,c        ' بىر Dimجۈملىسى بىلەن بىرقانچە ئۆزگەرگۈچى مىقدارنى ئېنىقلاشقا بولىدۇ
                 ' بۇچاغدا ئۆزگەرگۈچى مىقدارئارىلىقلىرىغاپەش قويۇپ ئايرىلىدۇ
%>
```

ئۆزگەرگۈچى مىقدارغا قىممەت بېرىشمۇ نۇرغۇن ئالىي دەرىجىلىك تىللاردائوخشىشىپ كېتىدۇ،ئۆزگەرگۈچى مىقدار تەڭلىك بەلگىسىنىڭ سول تەرىپىدە ،قىممىتى تەڭلىك بەلگىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولۇپ فورمىلا شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەشكىمۇبولىدۇ .مەسىلەن :

```
<% a=10+20*3
b="中国"
%>
```

ئۆزگەرگۈچى مىقدارنى ئىسپاتلاش ئۇسۇلى تۇراقلىق مىقداربىلەن ئوخشاش،بىرئۆزگەرگۈچى مىقدار بىلەن باشقا بىرئۆزگەرگۈچى مىقدارغا بىۋاستەقىممەت بېرىشكە بولىدۇ،ئۆزگەرگۈچى مىقدارنى شەكىل بىلەن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ .مەسىلەن :

```
<%
    Dim a,b,c        ' ئۈچ دانە ئۆزگەرگۈچى مىقدار ئېنىقلاندى
    a =5             ' a غا قىممەت بېرىلدى
    b =5             ' b غا قىممەت بېرىلدى
    c=a+b            ' a بىلەن b نىڭ يىغىندىسى c بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى
%>
```

VBScriptدا ئۆزگەرگۈچى مىقدارنى ئالدىن ئېنىقلىمىسىمۇ بولىدۇ،قىممەت بېرىلگەندىن كېيىن ئۆزلىكىدىن ئېنىقلىنىدۇ، بۇتەرىپى ئاسان ،ئەمەلىيەتتە بۇبىرئاۋارىچىلىق ،ئەگەرئېھتىياتسىزلىقتىن خاتا كىرگۈزۈلسە يېڭى بىرئۆزگەرگۈچى مىقدارھاسىل بولىدۇ، بۇنداقتا پروگراممىدا خاتالىق كۆرۈلىدۇ ،بۇخىل خاتالىقنى ئىزدەپ تېپىش ناھايىتى قىيىن ،كۆپچىلىك بۇندىن كېيىن ئۆزگەرگۈچى مىقدار ئىشلەتكەندە ئېنىقلىغاندىن كېيىن ئىشلىتىشكە ئادەتلىنىشى كېرەك.

ئەگەر بارلىق ئۆزگەرگۈچى مىقدارلارنى مەجبۇرىي ئالدىن ئىنىقلىماقچى بولساق asp ھۆججىتىدە بارلىق asp جۈملىلىرىنىڭ ئەڭ بېشىغا Option Explicit جۈملىسىنى قوشىمىز،بۇجۈملىنىڭ مەنىسى « بارلىق ئۆزگەرگۈچى مىقدارلارنى ئالدىن ئىنىقلاش زۆرۈر» دېگەنلىك بولىدۇ . مەسىلەن :

```
<%
Option Explicit
Dim a,b,c                      ' ئۈچ دانە ئۆزگەرگۈچى مىقدار ئىنىقلاندى
a =2                           ' قىممەت بېرىلدى
%>
```

ئۆزگەرگۈچى مىقدارغا نام بېرىش قائىدىسى ۋە ئۇنىڭ رولى تۇراقلىق مىقدارنىڭكىگە ئوخشاش ،بۇيەردە قايتا بايان قىلمايمىز .




1ـ3.رەسىم : سان گۇرۇپپىسىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشى

## 6ـ3. VBScriptدىكى سان گۇرۇپپىسى

سان گۇرۇپپىسى دېگىنىمىز :كەسپى ئاتالغۇ بولۇپ ئىچكى ساقلىغۇچتا ساقلانغان بىرىيۈرۈش سانلىق مەلۇمات ئادرېسىنىڭ ئىسمىنى كۆرسىتىدۇ .ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا ئوخشاش بىرقاتار تۇخۇم شەكلى تىزىلغان بولسا (1ـ3.رەسىمدىكىدەك)بىزھەربىرشەكىل ئىچىدىكى تۇخۇمنى پەقەت رەت نومۇرىغا ئاساسەن ئىزدىسەك خالىغان تۇخۇمنى ئىزدەپ تاپالايمىز .

سانلىق مەلۇماتلار گۇرۇپپىسىغا نام بېرىش،ئىنىقلاش ،قىممەت بېرىش ۋەئىشلىتىش ئۆزگەرگۈچى مىقدارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ،ئوخشىمايدىغان يېرى : سانلىق مەلۇماتلار گۇرۇپپىسىدىكى ئىنىقلىنىدىغان تۈرلەر سانى، تۆۋەندە ئاددىي بىر مىسال كۆرۈپ ئۆتەيلى :

```
<% Dim a(3)          ' سانلىق مەلۇمات گۇرۇپپىسىدائىنىقلىنىدىغان تۈرسانى تۆت
a (0)=1              ' بىرىنچى ئۆزگەرگۈچى مىقدارغا قىممەت بېرىلدى
a (1)=2              ' ئىككىنچى ئۆزگەرگۈچى مىقدارغا قىممەت بېرىلدى
Sum= a(0)+a(1)   ' ئۆزگەرگۈچى مىقدار Sumغا قىممەت بېرىلىپ ئىشلىتىلاندى%>
```



*VBScriptدا سانلىق مەلۇمات گۇرۇپپىسى 0دىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ،شۇڭا يۇقارقى سانلىق مەلۇمات گۇرۇپپىسى a(3) دا ئۈچ ئەمەس ،تۆت تۈر بار.*

كۆپ قاتلاملىق سانلىق مەلۇماتلارگۇرۇپپىسىنى ئىنىقلاشقىمۇ بولىدۇ ،مەسىلەن :دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئىككى قاتار سانلىق مەلۇماتلار گۇرۇپپىسى شاھمات تاختىسىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ ،تۆۋەندە بىر مىسال كۆرۈپ ئۆتەيلى :

بىردانە ئۈچ قۇر ،بەش ئىستون بولغان ئىككى قاتلاملىق سانلىق مەلۇماتلارگۇرۇپپىسىنى ئىنىقلايلى :

```
<%    Dim a(2,4)          ' بىردانەئىككى قاتلاملىق سانلىق مەلۇمات گۇرۇپپىسى ئىنىقلاندى
a (1,2)="大家好"        ' قىممەت بېرىلدى
%>
```

يەنە ئۆزۈن ئۆزگىرىشچان سانلىق مەلۇمات گۇرۇپپىسى ۋە ھەركەتچان سانلىق مەلۇمات گۇرۇپپىسىنى

ئىنقلاشقا بولىدۇ،ئىنقلغان ۋاقتتا سانلىق مەلۇمات گۇرۇپپىسدىكى تۈرلەر سانى ئىنىق بولمىسا كېيىن تۈزىتىپ قويۇشقىمۇ بولىدۇ،مەسلەن :

```
<%        Dim a( )             '   بىردانە سانلىق مەلۇمات گۇرۇپپىسى ئىنقلاندى
ReDim a (3)                         قايتىدىن ئىنقلاندى'
a (3)="北京"
ReDim a (5)                       '   ئەگەر خالىسىڭىز Redimنى كۆپ قېتىم ئىشلىتىپ
                                        سانلىق مەلۇمات گۇرۇپپىسى ئىنقلاشقا بولىدۇ '
a (5)="大学"     %>
```

دىققەت : ReDim سانلىق مەلۇمات گۇرۇپپىسىدىن كېيىن كەلسە ئەسلىدىكى بەزى سانلىق قىممەتلەر پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈلىدۇ، ئەگەر ئەسلىدىكى سانلىق مەلۇماتلار تۈرلىرىنى ساقلاپ قالماقچى بولساق ReDim Preserver a(5) جۈملىسىنى ئىشلەتسەك بولىدۇ .

## 3ـ7. VBScriptدىكى ھىسابلاش بەلگىسى

VBScriptدە Visual Basic دىكى ھەرخىل ھىسابلاش بەلگىلىرى قوللىنىلغان ،ھىسابلاش بەلگىلىرى ماتىماتىكىلىق ھىسابلاش بەلگىسى ،سېلىشتۇرۇپ ھىسابلاش بەلگىسى ،لوگىكىلىق ھىسابلاش بەلگىسى ۋە ئۇلاپ ھىسابلاش بەلگىسىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ .

بۇنىڭ ئىچىدە ماتىماتىكىلىق ھىسابلاش بەلگىسى ھىسابلىنىدىغان ئىپادىنى ئۇلاشتا ئىشلىتىلىدۇ، سېلىشتۇرۇپ ھىسابلاش بەلگىسى سانلىق قىممەت ۋە ئوبيېكتلارنى سېلىشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدۇ ، لوگىكىلىق ھىسابلاش بەلگىسى لوگىكىلىق ئۆزگىرىشچان مىقدارلارنى ئۇلاشتا ئىشلىتىلىدۇ ،ئۇلاپ ھىسابلاش بەلگىسى ئىككى ھەرپ –بەلگىنى ئۇلاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

ھەرخىل ھىسابلاش بەلگىلىرى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە چۈشەندۈرۈلدى .

**جەدۋەل 3ـ2ـa. : ھەرخىل ھىسابلاش بەلگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسى**

| ماتىماتىكىلىق ھىسابلاش بەلگىسى | | سېلىشتۇرۇپ ھىسابلاش بەلگىسى | | لوگىكىلىق ھىسابلاش بەلگىسى | | ئۇلاپ ھىسابلاش بەلگىسى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| **بەلگە** | **مەنىسى** | **بەلگە** | **مەنىسى** | **بەلگە** | **مەنىسى** | **بەلگە** | **مەنىسى** |
| + | قوشۇش | = | تەڭ | **Not** | ئەمەس | + | ئىككى ھەرپ بەلگىنى ئۇلايدۇ |
| **-** | ئېلىش | > | چوڭ | **And** | ۋە ، بىلەن | **&** | ئىككى ھەرپ بەلگىنى ئۇلايدۇ، "+"بىلەن ئوخشاش |
| * | كۆپەيتىش | < | كىچىك | **Or** | ياكى | | |
| / | بۆلۈش | >= | چوڭ ياكى تەڭ | **Xor** | پەرقى | | |
| \ | بۆلۈنمىنى پۈتۈنلەش | <= | كىچىك ياكى تەڭ | **Eqv** | | | |
| **Mod** | قالدۇقنى تېپىش | <> | تەڭ ئەمەس | **Imp** | | | |
| ^ | دەرىجىگە كۆتۈرۈش | **Is** | ئىككى ئوبيېكتنى سېلىشتۇرغاندا ئوخشاشلىق بارمۇ-يوق ؟ | | | | |



## Imp ،Eqv، Mod، Xorلارنىڭ قىسقىچە چۈشەندۈرۈلۈشى[1]

Mod قالدۇقنى تېپىش ئەملى :

مەسلەن:

10 Mod 5 = 0

10 Mod 3 = 1

12 Mod 4.3 = 0

12.6 Mod 5 = 3

Xor لوگىكىلىق ھىسابلاش ئەملى :

بۇ ئەمەلدە ھەرئىككى تەرەپ راست ياكى ھەر ئىككى تەرەپ يالغان بولسا يالغان قىممەت قايتىدۇ، خالىغان بىرتەرەپ راست، يەنە بىرتەرەپ يالغان بولسا راست قىممەت قايتىدۇ.

مەسلەن:

Dim A, B, C, D, MyCheck

A = 10: B = 8: C = 6: D = Null ' دەسلەپكى قىممەت بېرىش

MyCheck = A > B Xor B > C ' Falseقىممەت قايتىدۇ

MyCheck = B > A Xor B > C ' Trueقىممەت قايتىدۇ

MyCheck = B > A Xor C > B ' Falseقىممەت قايتىدۇ

MyCheck = B > D Xor A > B ' Nullقىممەت قايتىدۇ

MyCheck = A Xor B '

① Eqv لوگىكىلىق ئەمەل بەلگىسى (سېلىشتۇرۇش رولى)

بۇ ئەمەلدە ھەرئىككى تەرەپ راست ياكى ھەر ئىككى تەرەپ يالغان بولسا راست قىممەت قايتىدۇ، خالىغان بىرتەرەپ راست، يەنە بىرتەرەپ يالغان بولسا يالغان قىممەت قايتىدۇ.

مەسلەن:

Dim A, B, C, D, MyCheck

A = 10: B = 8: C = 6: D = Null ' قىممەتنى دەسلەپلەشتۈرۈش

MyCheck = A > B Eqv B > C ' Trueقىممەت قايتىدۇ

MyCheck = B > A Eqv B > C ' Falseقىممەت قايتىدۇ

MyCheck = A > B Eqv B > D ' Nullقىممەت قايتىدۇ

MyCheck = A Eqv B '

② Eqv لوگىكىلىق ئەمەل بەلگىسى (سېلىشتۇرۇش رولى)

بۇ ئەمە لدە ھەرئىك كى تەرەپ را ست ياكى ھەر ئىك كى تەرەپ يال غان بو لسا را ست قد ممەت قايت ىدۇ، خالىغان بىرتەرەپ راست، يەنە بىرتەرەپ يالغان بولسا يالغان قىممەت قايتىدۇ.

---

① «بارخان»تور بېتىدىن ئېلىندى .

**.b-2-3 جەدۋەل :Eqv ، Xor, Imp لارنىڭ قىسقىچە چۈشەندۈرۈلىشى**

| Eqvلوگىكىلىق ئەمەل بەلگىسى(2) | | | Eqvلوگىكىلىق ئەمەل بەلگىسى(1) | | | Xor لوگىكىلىك ھىسابلاش ئەمىلى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قايتقان قىممەت | ئوڭ تەرەپ | سول تەرەپ | قايتقان قىممەت | ئوڭ تەرەپ | سول تەرەپ | قايتقان قىممەت | ئوڭ تەرەپ | سول تەرەپ |
| True | True | True | True | True | True | False | True | True |
| False | False | True | False | False | True | True | False | True |
| Null | Null | True | False | True | False | True | True | False |
| True | True | False | True | False | False | False | False | False |
| True | False | False | | | | | | |
| True | Null | False | | | | | | |
| True | True | Null | | | | | | |
| Null | False | Null | | | | | | |
| Null | Null | Null | | | | | | |

مەسلەن:

*A = 10: B = 8: C = 6: D = Null* ' قىممەتنى دەسلەپلەشتۈرۈش

*MyCheck = A > B Imp B > C* ' قىممەت قايتىدۇTrue。

*MyCheck = A > B Imp C > B* ' قىممەت قايتىدۇFalse。

*MyCheck = B > A Imp C > B* ' قىممەت قايتىدۇTrue。

*MyCheck = B > A Imp C > D* ' قىممەت قايتىدۇTrue。

*MyCheck = C > D Imp B > A* ' قىممەت قايتىدۇNull。

*MyCheck = B Imp A* '

---

ئۇلاپ ھسابلاش بەلگىسى بىلەن ماتېماتىكىلىق ھسابلاش بەلگىسى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ،مەسلەن :

```
<%
Sum=a^2+b^2          ' aبىلەن  b  نىڭ كۋادراتلىرىنىڭ يىغىندىسىنى ھسابلاش
StrTemp="欢迎" & user_name    ' "欢迎"بىلەن  user_name  نى ئۇلاپ ھسابلاش
StrTemp="欢迎" + user_name       ' "+"ئىشلىتىلسىمۇ ئوخشاش ئۇلاپ ھسابلىنىدۇ
 %>
```

سېلىشتۇرۇپ ھسابلاش بەلگىسى دائىم ئىككى سانىنى،ئىككى ھەرپ-بەلگىنى،ياكى ئىككى چىسلانى سېلىشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدۇ .

ئادەتتە ھۆكۈم قىلىش جۈملىسى ئىشلەتكەندە ،مەسلەن :

```
<%
Result=a>b                            '   ئۆزگەرگۈچى مىقدار aبىلەن bسېلىشتۇرۇلدى
If a>b Then    '(True)   ھۆكۈم قىلىش جۈملىسىدە b دىن a چوڭ بولسا Resul كۈچكە ئىگە
```

ئاستى قۇردىكى جۈملە ئىجرا بولىدۇ '

%>

لوگىكىلىق ھېسابلاش بەلگىسى ئارقىلىق لوگىكىلىق ھېسابلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ، دائىم ئىشلىتىلىدىغانلىرى And,Or,Not

تۆۋەندە مىسال بىلەن چۈشەندۈرىمىز :

<%

ئۆزگەرگۈچى مىقدار a بىلەن b نىڭ ھەر ئىككىسى كۆچكە ئىگە (True)بولسا ' Result=a And b

Resulمۇ كۆچكە ئىگە (True) '

ئۆزگەرگۈچى مىقدار a ياكى b نىڭ بىرى كۆچكە ئىگە (True)بولسا ' Result=a Or b

Resulمۇ كۆچكە ئىگە (True) '

ئۆزگەرگۈچى مىقدار aكۆچكە ئىگە (True)بولسا ' Result=Not a

Resulكۆچكە ئىگە ئەمەس (False)، ئۆزگەرگۈچى مىقدار a كۆچكە ئىگە بولمىسا Resul

(False)كۆچكە ئىگە (True)'

%>

ئوبرازلىق قىلىپ چۈشەندۈرەيلى : "And"نىڭ مەنىسى "بىلەن "،"Or"نىڭ مەنىسى"ياكى"،"Not"نىڭ مەنىسى "ئەكسىچە" .

لوگىكىلىق ھېسابلاش بەلگىسى بىلەن ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش بەلگىسى دەۋرىيلىك جۈملىسى ۋە ھۆكۈم جۈملىسىدە دائىم ئىشلىتىلىدۇ، پۇختا بىلىۋېلىڭ .



بىر ئىپادە كۆپلىگەن ھېسابلاش بەلگىلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالغاندا ئاۋۋال ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش بەلگىسى ئاندىن ئۇلاپ ھېسابلاش بەلگىسى ئاندىن سېلىشتۇرۇپ ھېسابلاش بەلگىسى ئەڭ ئاخىرىدا لوگىكىلىق ھېسابلاش بەلگىسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ .ئوخشاشلا بىرخىل ھېسابلاش بەلگىسى كەلگەندە سولدىن-ئوڭغا تەرتىپ بويىچە ھېسابلىنىدۇ .

كۆپچىلىكنىڭ سەمىگە سالىدىغىنىمىز --- ئەمەلىيەتتە قوللانغاندا مۇقىم مۇشۇ تەرتىپكىلا ئېسىلىۋالماي ( )دىن پايدىلىنىپ بۇخىل تەرتىپنى ئۆزئېھتىياجىمىزبويىچە ئۆزگەرتسەكمۇ بولىدۇ .

ئەمەلىيەتتە بۇ ئالگېبرا دا ئۆگەنگەن ھېسابلاش تەرتىپى بىلەن ئوخشاش .

## 3-8. VBScriptفۇنكسىيىلىرى

فۇنكسىيە دېگىنىمىز-- ئۆگىنىپ ئۆتكەن تىرگىنومېيلىك فۇنكسىيە بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ .

باشقىلار بەزى مۇرەككەپ ھېسابلاشلارنى بىرلا فۇنكسىيىگە ئايلاندۇرغان، سىز ئىچكى قىسمىدا (بومۇرەككەپ ھېسابلاش جەريانىنىڭ )قانداق ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز ھاجەتسىز، پەقەت ئىشلىتىشنى بىلىۋالسىڭىزلا كۇپايە .فۇنكسىيە ئىشلەتكەندە ئورغۇن ۋاقىتنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ، VBScriptدە Visual Basic دىكى بەزى فونكسىيلەر قوللىنىلغان، تۆۋەندە دائىم ئىشلىتىلىدىغان بىرقانچە فۇنكسىيىنى ئىشلىتىشنى چۈشەندۈرىمىز .

### 3-8-1. ئايلاندۇرۇش فۇنكسىيلىرى

ئادەتتە ئۆزگەرگۈچى مىقدار ۋەكىللىك قىلغان سانلىق مەلۇماتنىڭ تىپى ئاپتوماتىك ئۆزگىرىپ مۇۋاپىق سانلىق مەلۇمات تىپىنى شەكىللەندۈرىدۇ، بىراق بەزىدە ئاپتوماتىك ئۆزگەرسىمۇ پەيدا بولغان سانلىق مەلۇمات تىپى ماسلاشماي

خاتالىق چىقىدۇ، بۇچاغدا سانلىق مەلۇمات تىپىنى فۇنكسىيە ئىشلىتىپ ئايلاندۇرۇشقا مەجبۇر بولىمىز ،دائىم ئىشلىتىلىدىغان سانلىق مەلۇمات تىپىنى ئايلاندۇرۇش فۇنكسىيلىرى 3ـ3. جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى .

**3ـ3.جەدۋەل: دائىم ئىشلىتىلىدىغان سانلىق مەلۇمات تىپىنى ئايلاندۇرۇش فۇنكسىيلىرى**

| فۇنكسىيە | ئىقتىدارى |
|---|---|
| CStr(Variant) | نۆۋەتتىكى سانلىق مەلۇمات تىپىنى ھەرپ-بەلگە تىپىغا ئايلاندۇرىدۇ . |
| CDate(Variant) | نۆۋەتتىكى سانلىق مەلۇمات تىپىنى چېسلا تىپىغا ئايلاندۇرىدۇ. |
| CInt(Variant) | نۆۋەتتىكى سانلىق مەلۇمات تىپىنى پۈتۈن سان تىپىغا ئايلاندۇرىدۇ . |
| CLng(Variant) | نۆۋەتتىكى سانلىق مەلۇمات ئۇزۇن پۈتۈن سان تىپىنى تىپىغا ئايلاندۇرىدۇ . |
| CSng(Variant) | نۆۋەتتىكى سانلىق مەلۇمات تىپىنى Singleتىپىغا ئايلاندۇرىدۇ . |
| CDbl(Variant) | نۆۋەتتىكى سانلىق مەلۇمات تىپىنىDouble تىپىغا ئايلاندۇرىدۇ . |
| CBool(Variant) | نۆۋەتتىكى سانلىق مەلۇمات تىپىنى بولئان تىپىغا ئايلاندۇرىدۇ . |

تۆۋەندە مىسال بىلەن چۈشەندۈرىمىز :

```
<%     Num1=666
StrWelcome="مېھمان قېتىملىق  ىنچى" & Cstr(num1) & "سىز "        %>
```

يۇقىرىدىكى مىسالدا Num1پۈتۈن سان تىپلىق ئۆزگەرگۈچى مىقداربولۇپ(CStrفۇنكسىيىسى بىلەن) ھەرپ-بەلگەتىپقا مەجبۇرىي ئايلاندۇرۇلدى.



چۈشەندۈرۈش :
فۇنكسىيە ئۆگەنگەندە پارامىتر (ئۆزگەرگۈچى مىقدارقىممىتى)بىلەن فۇنكسىيگە دىققەت قىلىش كېرەك، بۇمىسالدا Num1ئۆزگەرگۈچى مىقدار،CStrفۇنكسىيە،ئۇنىڭدىن سىرت فۇنكسىيە بىلەن ئۆزگەرتىلگەن (ياكى ئالماشتۇرۇلغان)قىممەت تىپىغا دىققەت قىلىش كېرەك .بۇمىسالدا قايتۇرۇلغان قىممەت تىپى ---- ھەرپ- بەلگە تىپ .

## 3ـ8ـ2. ھەرپ-بەلگە فۇنكسىيلىرى

Aspداپروگراماتۇزىگەندە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغىنى يەنىلا ھەرپ-بەلگىلەردۇر.ئالايلۇق :ئابونتلارنى تىزىملىغاندا كىرگۈزۈلگەن ئىسىم ،مەخپىي نومۇر ..... قاتارلىقلار،يەنە سۆزقالدۇرۇش دەپتىرىدىكى قالدۇرۇلىدىغان سۆزتېمىسى ،مەزمۇنى، سۆزقالدۇغۇچى ئىسمى قاتارلىقلار .....ھەممىسى ھەرپ-بەلگە قاتارىدا بىرتەرەپ قىلىنىدۇ،بىز ھەمىشە ھەرپ-بەلگە فۇنكسىيلىرىنى قوللىنىپ ھەرپ-بەلگىلەرنىڭ باش ئاخىرىنى ئۈزۈش، چوڭ-كىچىك يېزىلىشىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى قىلىمىز .

دائىم ئىشلىتىلىدىغان ھەرپ-بەلگە فۇنكسىيلىرى 3ـ4. جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

**3ـ4. جەدۋەل : دائىم ئىشلىتىلىدىغان ھەرپ-بەلگە فۇنكسىيەلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىدارلىرى**

| فۇنكسىيە | ئىشلىتىش ئۇسۇلى | ئىقتىدارى |
|---|---|---|
| Len | Len(String) | ھەرپ-بەلگىنى سانايدۇ . |
| Trim | Trim(String) | ھەرپ-بەلگىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بوشلۇقنى تاشلىۋېتىدۇ . |
| Ltrim | Ltrim(String) | ھەرپ-بەلگىنىڭ ئالدىدىكى بوشلۇقنى تاشلىۋېتىدۇ . |
| Rtrim | Rtrim(String) | ھەرپ-بەلگىنىڭ كەينىدىكى بوشلۇقنى تاشلىۋېتىدۇ . |

| | | |
|---|---|---|
| Mid | Mid(String,3,4) | ھەرپ-بەلگەStringدىن سول تەرەپ 3- ئورۇندىن سول تەرەپكەقاراپ 4 دانە ھەرپ-بەلگىنى ئۈزۈپ ئالىدۇ، 4قالدۇرۇۋېتىلسە 3-ئورۇندىن ئاخىرغىچە بولغان ھەرپلەرنى ئۈزۈپ ئالىدۇ . |
| Left | Left(String, 3) | ھەرپ-بەلگەStringدىن سول تەرەپتىن 3 دانە ھەرپنى ئۈزۈپ ئالىدۇ. |
| Right | Right(String, 5) | ھەرپ-بەلگەStringدىن ئوڭ تەرەپتىن 5 دانە ھەرپنى ئۈزۈپ ئالىدۇ . |
| LCase | LCase(String) | ھەرپ-بەلگەStringدىكى ھەممە ھەرپنى چوڭ يېزىلىشى بىلەن كۆرسىتىدۇ . |
| UCase | UCase(String) | ھەرپ-بەلگەStringدىكى ھەممە ھەرپنى كىچىك يېزىلىشى بىلەن كۆرسىتىدۇ . |
| StrComp | StrComp(String1, String2) | String1بىلەنString2 نى سېلىشتۇرىدۇ،ئەگەر ئوخشاش بولسا قىممەت 0بولىدۇ . |
| InSrt | InSrt(String1, String2) | ھەرپ-بەلگەString1ئىچىدەString2باربولساسول تەرەپتىن قانچىنچى ئورۇندا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . |
| Split | Split(String1,delimiter) | ھەرپ-بەلگەString1 ئىچىدە delimiterدىن قانچىسى باربولسا delimiterنى چېگرا قىلىپ String1نى شۇنچە بۆلەككە بۆلىدۇ،ئەگەر delimiterقالدۇرۇۋېتىلگەندە بوش ئورۇندىن قانچىسى بولسا بوش ئورۇننى چېگرا قىلىپ شۇنچە بۆلەككە بۆلىدۇ. |
| Replace | Replace(String,find,replacewith) | ھەرپ-بەلگەString ئىچىدىن findنى ئىزدەپ ئۇنى replacewithگە ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ . |

تۆۋەندە مىسال سۆزلەيمىز :

```
<%
StrTemp=Mid("This a good book",8,4)        ' StrTemp قىممىتى goodبولىدۇ
StrTemp=Trim("     VBScript      ")        ' StrTemp قىممىتى VBScriptبولىدۇ
StrTemp=Ucase("jjshang")                   ' StrTemp قىممىتى jjshang بولىدۇ
StrTemp=InStr("abc@263.net","@")           ' StrTemp قىممىتى 1-قېتىمدا4 بولىدۇ
StrTemp=Replace("abcdb","ab","*")          ' StrTemp قىممىتى cdb*بولىدۇ
%>
```

يۇقىرقى مىسالدا Trimفۇنكسىيىسى بىلەن ھەرپ –بەلگىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بوشلۇق چىقىرىۋېتىلدى، ئادەتتە ئابونتلارتوردا تىزىملاتقاندا ئۆزىنىڭ ئۇچۇرلىرىنىڭ كەينىدىن بوشلۇق كىرگۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن،بۇ چاغدا مۇشۇ فۇنكسىيىدىن پايدىلىنىپ ئارتۇق كىرگۈزۈلگەن بوشلۇقنى چىقىرىۋەتسەك بولىدۇ،Insrtفۇنكسىيىسىدىن پايدىلىنىپ مەلۇم مەزمۇننى ئىزدەشكە بولىدۇ،مەسىلەن :ئابونىت E-mailئادرېسىنى توغرا كىرگۈزدىمۇ-يوق؟ بۇنى تەكشۈرۈشتە .

Split فۇنكسىيىسى سەل مۇرەككەپراق ،بۇفۇنكسىيىدىن پايدىلىنىپ ھەرپ-بەلگىلەرنى گۇرۇپپىلاشقا بولىدۇ.3-1-مىسالغا قاراڭ:

3ـ1. مىسال (3ـ1.asp) ھەرپ بەلگىلەرنى گۆرۈپپىلاش

```
<% Option Explicit          'ئۆزگەرگۈچى مقدارلار مەجبۇرىي ئىنقلىنىدۇ   %>
<html>
<head>
    <title>ھەرپ بەلگىلەرنى گۆرۈپپىلاش   </title>
</head><body>
    <%
    Dim MyString
MyString = Split("VBScript*is*good!", "*")        '*نى چېگرا قىلىپ ئايرىلىپ گۆرۈپپىلىنىدۇ
    Response.write MyString(0) & "<P>"
    Response.write MyString(1) & "<P>"
    Response.write MyString(2)
    %>
</body>
</html>
```

پروگراممىنىڭ ئىجرا بولۇش نەتىجىسى 3ـ2.رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك :




3ـ2.رەسىم :
3ـ1.asp پروگراممىسى ئىجرا بولغاندىكى كۆرۈنۈش ←

چۈشەندۈرۈش : ①MyString نىڭ ئىنىقلىنىش شەكلىگە دىققەت قىلىڭ، خۇددى بىرئۆزگەرگۈچى مقدارنى ئىنىقلىغاندەك ئىنىقلايمىز.
② بۇيەردىكى <P> بۆلەك ئايرىلىشنى ئىپادىلەيدۇ(ئاپتوماتىك قۇر ئالمىشىدۇ) .

## 3ـ8.3 چىسلا بىلەن ۋاقىت فۇنكسىيىسى

VBScript تا چىسلا بىلەن ۋاقىت فۇنكسىيىسىدىن پايدىلىنىپ ھەرخىل شەكىلدىكى چىسلا بىلەن ۋاقىت ئۇچۇرلىرىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. مەسىلەن: سۆزلەشكۈچىنىڭ دوسكىسى پروگراممىسىدا سۆزقالدۇرۇلغان چاغدىكى چىسلانى

خاتىرىلەشتە Date فۇنكسىيسى ئىشلىتىلىدۇ . دائىم ئىشلىتىلىدىغان فۇنكسىيلەر 3ـ5. جەدۋەلدە بېرىلدى .

**3ـ5. جەدۋەل: دائىم ئىشلىتىلىدىغان چېسلا ۋە ۋاقىت فۇنكسىيلىرى ۋە ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى**

| فۇنكسىيە | ئىشلىتىش ئۇسۇلى | چۈشەندۈرۈش |
|---|---|---|
| Now | Now( ) | سىستېمىنىڭ هازىرقى چېسلاسى بىلەن ۋاقتىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ . |
| Date | Date( ) | سىستېمىنىڭ هازىرقى چېسلاسىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ . |
| Time | Time( ) | سىستېمىنىڭ هازىرقى ۋاقتىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ . |
| Year | Year( ) | مۇئەييەن چېسلانىڭ يىل ئايرىمىسىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ . |
| Month | Month( ) | مۇئەييەن چېسلانىڭ ئاي ئايرىمىسىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ . |
| Day | Day( ) | مۇئەييەن چېسلانىڭ كۈن ئايرىمىسىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ . |
| Hour | Hour( ) | مۇئەييەن ۋاقىتنىڭ سائەت ئايرىمىسىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ . |
| Minute | Minute( ) | مۇئەييەن ۋاقىتنىڭ مىنۇت ئايرىمىسىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ . |
| Second | Second( ) | مۇئەييەن ۋاقىتنىڭ سېكونت ئايرىمىسىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. |
| WeekDay | WeekDay( ) | كۆرسىتىلگەن چېسلادىكى شۇ كۈننىڭ ھەپتىنىڭ قايسى كۈنى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ . |
| DateDiff | DateDiff("Var"،"Var1"،"Var2”) | ئىككى دانە چېسلا ياكى ۋاقىتنىڭ ئارىلىقىنى ھېسابلايدۇ. |
| DateAdd | DateAdd ("Var"،"Var1"،"Var2”) | ئىككى دانە چېسلا ياكى ۋاقىتقا ئارىلىقنى قوشۇپ ھېسابلايدۇ،مەسىلەن :10كۈندىن كېيىن چېسلاغا قانچە ؟ DateAdd ("d"،10،"Date()") |
| FormatDateTime | FormatDateTime(Date,vbShortDate) | ئۆزگەرتىشچان قىسقا چېسلا شەكلى |
| | FormatDateTime(Date,vbLongDate) | ئۆزگەرتىشچان ئۇزۇن چېسلا شەكلى |
| | FormatDateTime(Date,vbShortTime) | ئۆزگەرتىشچان قىسقا ۋاقىت شەكلى |
| | FormatDateTime(Date,vbLongTime) | ئۆزگەرتىشچان ئۇزۇن ۋاقىت شەكلى |

**3ـ a5 . جەدۋەل :ۋاقىت ياكى چېسلا ئارىلىقى بىرلىكلىرى**

| بىرلىك | yyyy | m | d | ww | h | s |
|---|---|---|---|---|---|---|
| چۈشەندۈرۈش | يىل | ئاي | كۈن | ھەپتە | سائەت | سېكونت |

تۆۋەندە مىسال ئېلىپ چۈشەندۈرىمىز:

```
<%        '   هازىرقى چېسلانى كۆرسىتىپ بېرىدۇ
Response.Write"你来访问的日期"  & Date( )
' هازىرقى ۋاقىت بىلەن چېسلانى كۆرسىتىپ بېرىدۇ
Response.Write"你来访问的时间"  & Now( )
Response.Write"你来访问的时间  "& Time( )     ' هازىرقى ۋاقىتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ
NumTemp=Month(date( ))                  ' قانچىنچى ئاي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ
```

```
NumTemp= Month(#2003-10-21#)
NumTemp=Weekday(date( ))            'ھەپتىنىڭ قايسى كۈنى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ
'چېسلانى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ
Response.Write FormatDateTime (Date( ),vbLongDate)
%>
```

ئەمدى بىزتۆۋەندە DateDiff نى ئىشلىتىپ مۇئەييەن چېسلاياكى ۋاقىتنىڭ ئارىلىقىنى ھېسابلايمىز،ۋاقىت بىرلىكلىرىگە دىققەت قىلىڭ.

```
<%
NumTemp= DateDiff("d",Date(),#1/1/2008#)  '2008-يىلى كىرىشكە يەنە قانچە كۈن قالدى؟
'2008-يىلى كىرىشكە يەنە قانچە سائەت قالدى؟
NumTemp=  DateDiff ("h",Date(),#1/1/2008#)
            'بۈگۈنكى چېسلا ئارىسىدا قانچە كۈن پەرق بار؟
NumTemp=  DateDiff ("d",#1/2/2003#,#1/1/2005#)
%>
```

## 4-8-3. ماتېماتىكىلىق فۇنكسىيەلەر

دائىم ئىشلىتىلىدىغان ماتېماتىكىلىق فۇنكسىيەلەر 3-6. جەدۋەلدە بېرىلدى.

**3-6. جەدۋەل: دائىم ئىشلىتىلىدىغان ماتېماتىكا فۇنكسىيەلىرى ۋە ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى**

| فۇنكسىيە | ئىشلىتىش ئۇسۇلى | چۈشەندۈرۈش |
|---|---|---|
| Abs | Abs(number) | مۇتلەق قىممەتنى قايتۇرىدۇ . |
| Sqr | Sqr(number) | كۋادرات يىلتىزىنى قايتۇرىدۇ . |
| Sin | Sin(number) | بولۇڭ سىنۇس قىممىتىنى قايتۇرىدۇ . |
| Cos | Cos(number) | بولۇڭ كوسىنۇس قىممىتىنى قايتۇرىدۇ. |
| Tan | Tan(number) | بولۇڭ تانگېنس قىممىتىنى قايتۇرىدۇ . |
| Atn | Atn(number) | بولۇڭ كوتانگېنس قىممىتىنى قايتۇرىدۇ . |
| Log | Log(number) | بىر سانىنىڭ لوگارىفمىلىق قىممىتىنى قايتۇرىدۇ . |
| Int | Int(number) | كەسىر سانىنى پۈتۈنلەيدۇ . |
| FormatNumber | FormatNumber(Number,NumDigitsAfterDecinal) | كەسىر سانىنى كۆرسىتىلگەن خانىغىچە پۈتۈنلەپ ھېسابلايدۇ . |
| Rnd | Rnd( ) | 0دىن 1گىچە بولغان خالىغان بىر سانىنى قايتۇرىدۇ . |
| Ubound | Ubound(سان ، سان گۇرۇپپىسى نامى) | سانلىق مەلۇمات گۇرۇپپىسىدىكى ئەڭ چوڭ قىممەتنى قايتۇرىدۇ . |

تۆۋەندە مىسال ئېلىپ چۈشەندۈرىمىز:

```
<%  a=Int(10.23)                    ' 10 پۈتۈنلەپ قايتۇرۇلىدىغان قىممەت
 a= FormatNumber(10.123456,3)   ' كەسرچېكىتتىدىن كېيىنكى 3-خانىغىچە ھىسابلايدۇ، قايتۇرىلىدىغان قىممەت10.123'
%>
```

Rndفۇنكسىيسى بىردانە 0دىن 1گىچە بولغان خالىغان بىرسان پەيداقىلىدۇ، تۆۋەندىكى مىسالدا 10ئىچىدىكى خالىغان بىرسان شەكىللەندۇرۇلىدۇ، ھەم پۈتۈنلەپ كۆرسىتىلىدۇ :

3-2. مىسال (3-2.asp) خالىغان سان ھاسىل قىلىش

```
<html>
<head>
   <title>خالىغان سان ھاسىل قىلىش</title>
</head>
<body>
        <% Dim NumTemp
   Randomize Timer                    ' بۇجۈملە ھەرقېتىم پەيدا بولغان ساننىڭ ئوخشاش بولۇپ
            '                    قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .
NumTemp = Int((10 * Rnd()) + 1)
   Response.write NumTemp %>
</body>
</html>
```

كۆپچىلىك يۇقارقى پروگراممىنى ئىجراقىلىپ كۆرسە بولىدۇ، ھەرقېتىم 10ئىچىدىكى بىرسان ھاسىل قىلىنىدۇ، ھەم پۈتۈنلەپ كۆرسىتىلىدۇ.



چۈشەندۈرۈش :

①Rndفۇنكسىيسى 0دىن 1گىچە بولغان خالىغان بىرسان پەيداقىلىدۇ .

Int(10*Rnd( ))+1ئىپادىسى بويىچە Rndپەيدا قىلغان سانغا 10كۆپەيتىلىپ 1قوشۇلۇپ پۈتۈنلىنىدۇ،شۇنىڭ بىلەن 1دىن 10غىچە بولغان خالىغان بىرسان پەيدا بولىدۇ.

②Randomize Timer جۈملىسى ھەرقېتىم پەيدا بولغان ساننىڭ ئوخشاش بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

## 3-8-5. تەكشۈرۈش فۇنكسىيىلىرى

تەكشۈرۈش فۇنكسىيىلىرى ئادەتتە مەلۇم ئۆزگەرگۈچى مىقدارنىڭ تىپىنى تەكشۈرگەندە ئىشلىتىلىدۇ،دائىم ئىشلىتىلىدىغان تەكشۈرۈش فۇنكسىيەلىرى 3-7.جەدۋەلدە بېرىلدى .

**3-7.جەدۋەل :دائىم ئىشلىتىلىدىغان تەكشۈرۈش فۇنكسىيەلىرى ۋە ئىقتىدارلىرى**

| فۇنكسىيە | ئىقتىدارى |
|---|---|
| VarType(Variant) | ئۆزگەرگۈچى مىقدار Variantنىڭ قىممىتى تەكشۈرۈلىدۇ،فۇنكسىيە قىممىتى ئۆزگەرگۈچى مىقدارتىپىنى ئىپادىلەيدۇ،0بوشلۇقنى،2پۈتۈن ساننى، 7چېسلانى،8ھەرپ-بەلگىنى،11بولئاننى ،8192 سان گۇرۇپپىسىنى ئىپادىلەيدۇ. |
| IsNumeric(Variant) | ئۆزگەرگۈچى مىقدار Variantنىڭ قىممىتى تەكشۈرۈلىدۇ، سانلىق مەلۇمات تىپلىق بولسا فۇنكسىيە قىممىتى Trueبولىدۇ. |
| IsDate(Variant) | ئۆزگەرگۈچى مىقدار Variantنىڭ قىممىتى تەكشۈرۈلىدۇ، چېسلا تىپلىق بولسا فۇنكسىيە قىممىتى Trueبولىدۇ. |
| IsNull(Variant) | ئۆزگەرگۈچى مىقدار Variantنىڭ قىممىتى تەكشۈرۈلىدۇ، Null بولسا فۇنكسىيە قىممىتى Trueبولىدۇ. |
| IsEmpty(Variant) | ئۆزگەرگۈچى مىقدار Variantنىڭ قىممىتى تەكشۈرۈلىدۇ، Empty بولسا فۇنكسىيە قىممىتى Trueبولىدۇ. |
| IsObject(Variant) | ئۆزگەرگۈچى مىقدار Variantنىڭ قىممىتى تەكشۈرۈلىدۇ،ئەگەر ئوبيېكت تىپلىق بولسا فۇنكسىيە قىممىتى Trueبولىدۇ. |
| IsArray(Variant) | ئۆزگەرگۈچى مىقدار Variantنىڭ قىممىتى تەكشۈرۈلىدۇ، سان گۇرۇپپىسى تىپلىق بولسا فۇنكسىيە قىممىتى Trueبولىدۇ. |

تۆۋەندە مىسال ئېلىپ چۈشەندۈرىمىز:

```
<%      SrtTemp="asp"
NumTemp=VarType(SrtTemp)        'ئۆزگەرگۈچى مىقدارقىممىتى ھەرپ-بەلگە تىپلىق،شۇڭا قايتىدىغان قىممەت8
BloTemp=IsNull(a)       'ئەگەرئۆزگەرگۈچى مىقدارھەققەتەن ئىناۋەتسىزسانلىق  مەلۇمات بولسا،ئۇھالدا Trueقىممەت قايتىدۇ
          '      قىممەت قايتىدۇFalse   ئۇنداق بولمىسا  %>
```

# 3-9. VBScriptدىكى جەريان

3-8.پاراگرافتا بىز نۇرغۇن فۇنكسىيەلەرنى ئۆگەندۇق،بۇفۇنكسىيەلەردىن پايدىلىنىپ مەلۇم خىل ئىقتىدارنى تاماملاش ئىنتايىن ئاسان ، لېكىن بەزىدە بىرقىسىم ئالاھىدە ئىقتىدارلارنى تاماملاشقا توغرا كېلىدۇ،ئالايلۇق : 1 دىن Nگىچە بولغان سانلارنىڭ كۋادراتلىرىنىڭ يىغىندىسىنى ھېسابلاش، ئەمدى بۇنىڭغا ھېچقايسى فۇنكسىيە ئىشلىمەيدۇ ،ئۆزىمىز فۇنكسىيە تۈزۈشىمىز كېرەك .

VBScript دا جەريان ئىككى خىل بولىدۇ . بىرى :Subتارماق پروگراممىسى ،يەنە بىرى:Functionفۇنكسىيىسى ،بۇئىككىسىنىڭ پەرقى : Subتارماق پروگراممىسىدا پەقەت ئىجرا بولۇپ قىممەت قايتۇرۇلمايدۇ ، ئەمما Function فۇنكسىيىسى ئىجرا بولغاندىن كېيىن نەتىجە قايتۇرۇلىدۇ.

تارماق پروگراممىغا نام بېرىش ۋە فۇنكسىيىگە نام بېرىش قائىدىسى بىلەن ئۆزگەرگۈچى مىقدارغا نام بېرىش قائىدىسى ئوخشاش.

## 3-9-1. Subتارماق پروگراممىسى

Subتارماق پروگراممىسىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى :

Sub تارماق پروگراممىسى نامى (پارامېتر 1، پارامېتر 2، .....)

...........

End Sub

ياكى

Sub تارماق پروگراممىسى نامى ( )

...........

End Sub

بۇنىڭ ئىچىدىكى "پارامېتر 1، پارامېتر 2، ....." لەر ـــ جەرياندا يۆتكەپ ئىشلىتىدىغان مىقدار،سان ياكى ئىپادە . پارامېتىردىن پايدىلىنىپ سانلىق مەلۇماتلارنى يوللاشقا بولىدۇ ،ئەگەر Sub جەرياندا پارامېتر بولمىسا ئۇنداقتا چوقۇم تىرناق قويۇلۇشى لازىم .

Subجەريانىنىڭ تەڭشەپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئىككى خىل شەكلى بار :

(1) Call جۈملىسىنى ئىشلىتىپ :

Call تارماق پروگراممىسى نامى (پارامېتر 1، پارامېتر 2، .....)

(2)Call جۈملىسىنى ئىشلەتمەي :

تارماق پروگرامما نامى پارامېتر 1، پارامېتر 2، .....

تۆۋەندە كونكرېتنى مىسال كۆرىمىز :

3ـ3.مىسال (3ـ3.asp) a بىلەن b نىڭ كۋادراتىنىڭ يىغىندىسى

```
<% Option Explicit %>          ' بۇجۇملە بىلەن ئۆزگەرگۈچى مقدارلار مەجبۇرىي ئىنىقلىنىدۇ
<html>
<head>
    <title> aبىلەنb نىڭ كۋادراتىنىڭ يىغىندىسى </title>
</head>
<body>
    <%
    Dim m,n                    ' mبىلەنn ئەمەلىي پارامېتر
    m=3
    n=4
    Call pingfanghe(m,n)       ' يۆتكەپ ئىشلىتىدىغان تارماق پروگرامما ـــ نەتىجە كۆرسىتىش
           ' تۆۋەندىكىسى تارماق پروگرامما، aبىلەنb نىڭ كۋادراتىنىڭ يىغىندىسىنى ھسابلايدۇ '
    Sub pingfanghe (a,b)       ' aبىلەنb شەكلىي پارامېتر
        Dim sum
        sum=a^2+b^2
        Response.Write "aبىلەنb نىڭ كۋادراتىنىڭ يىغىندىسى:" & CStr(sum)
    End Sub
    %>
```

```
</body>
</html>
```

---

پروگراما ئىجرابولغاندىن كېيىنكى كۆرۈنۈش 3_3.رەسىمدىكىدەك .




3_3.رەسىم←
3_3.asp پروگراممىسى ئىجرابولغاندىن كېيىنكى كۆرۈنۈش



چۈشەندۈرۈش: ①يۇقارقى پروگراممىدا mبىلەن nئەمەلىي پارامېتر، aبىلەن bشەكلىي پارامېتر،ئىجرا بولۇش جەريانىدا ئەمەلىي پارامېتر قىممىتى شەكلىي پارامېترغا يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ،بۇيەردە mنىڭ قىممىتى aغا، nنىڭ قىممىتى b غا يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ.

② ئەمەلىي پارامېتر بىلەن شەكلىي پارامېترنىڭ ئورنى ماس كېلىدۇ،لېكىن ئىسمى ماس كەلمەيدۇ،ئىسىم ئوخشاش بولسۇمۇ،بولمىسىمۇ بولىدۇ .

③تۇراقلىق مىقدار،ئۆزگەرگۈچى مىقدار ۋە ئىپادە ئەمەلىي پارامېتر بولالايدۇ،ئەمما سانلىق مەلۇمات تىپىغا دىققەت قىلىش كېرەك .

④ئۆزگەرگۈچى مىقدارلار قايسى دائىرىدە كۈچكە ئىگە ؟

mبىلەن n پۈتۈن بىر aspھۆججىتىدە ئۆزرولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ،شۇڭا aspھۆججىتىنىڭ بېشىدا،ياكى ئاخىرىدا، ئوتتۇرىسىدا بولسۇن قىممەت بېرىشكە ،دەللىلشىكە بولىدۇ، لېكىن ئۆزگەرگۈچى مىقدار Sum پەقەت تارماق جەريانىدىلا كۈچكە ئىگە، جەريان سىرتىدا ئىناۋەتسىز،ئىنىق قىلىپ ئېيتقاندا جەريانىنىڭ ئىچى – سىرتىدا بۇ ئىككىسىنىڭ مەنىسى ئوخشاش ئەمەس .

## 3_9_2. Function فۇنكسىيىسى

بۇيەردىكى فۇنكسىيە بىلەن 3_8.پاراگرافتا دېيىلگەن فۇنكسىيىنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش،براق بۇيەردە سىزئۆزىڭىز فۇنكسىيە تۈزىسىز .

Function فۇنكسىيىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى :

Function فۇنكسىيە نامى (1 پارامېتر،2 پارامېتر، .....)
…………
End Function

ياكى

Function فۇنكسىيە نامى( )

…………

End Function

Sub جەريان بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ ، بۇنىڭ ئىچىدىكى "..... ،پارامېتىر 2،پارامېتىر 1" لەر جەرياندا يۆتكەپ ئىشلىتىدىغان مىقدار،سان ياكى ئىپادىنى كۆرسىتىدۇ، پارامېتىردىن پايدىلىنىپ سانلىق مەلۇماتلارنى يوللاشقا بولىدۇ ،ئەگەر Function جەرياندا پارامېتىر بولمىسا ئۇنداقتا چوقۇم تىرناق قويۇلۇشى لازىم .

Sub جەريان بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى :Function جەرياندا فۇنكسىيە نامى ئارقىلىق بىرقىممەت قايتۇرۇلىدۇ ، بۇقىممەت جەرياندىكى جۈملىلەردە فۇنكسىيىگە بېرىلگەن نام بولۇپ سانلىق مەلۇمات تىپى Variant.

Function جەريانىنىڭ پەقەت بىرخىل ئىشلىتىلىش شەكلى بار،بۇنىڭدا نەتىجە بىۋاستە فۇنكسىيە نامى ئارقىلىق دەللىلىنىپ چىقىرىلىدۇ ،فۇنكسىيە نامىغا چوقۇم ئۆزگەرگۈچى مىقدارغا قىممەت بېرىش جۈملىسىنىڭ سول تەرىپىنى ياكى ئىپادىنى ئىشلىتىش كېرەك ،3-8. پاراگرافتىكى فۇنكسىيە ئىشلىتىش بىلەن ئوخشاش .

تارماق پروگراممىا بىلەن سىپلىشتۇرۇش ئۈچۈن ،بىز بۇيەردە يەنىلا a بىلەن b نىڭ كۋادراتلىرىنىڭ يىغىندىسى ھسابلايدىغان بىر مىسال كۆرستىمىز :

3-4.مىسال (3-4.asp) a بىلەن b نىڭ كۋادراتىنىڭ يىغىندىسى

```
<% Option Explicit        '  %بۇجۈملە بىلەن ئۆزگەرگۈچى مىقدارلار مەجبۇرىي ئىنىقلىنىدۇ.>
<html>
<head>
    <title>نىڭ كۋادراتىنىڭ يىغىندىسى a بىلەن b </title>
</head>
<body>
    <%
    Dim m,n,sum                     'n بىلەن m ئەمەلىي پارامېتىر
    m=3
    n=4
    sum=pingfanghe(m,n)             'ئىشلىتىلىدىغان فۇنكسىيە
    Response.write "نىڭ كۋادراتىنىڭ يىغىندىسى a بىلەن b " & CStr(sum)
    'تۆۋەندىكى فۇنكسىيە b بىلەن a نىڭ كۋادراتىنىڭ يىغىندىسىنى ھسابلاشقا ئىشلىتىلىدى.
    Function pingfanghe (a,b)       'b بىلەن a شەكلىي پارامېتىر
        Dim sum
        sum=a^2+b^2
        pingfanghe=sum              '.فۇنكسىيىگە قىممەت بېرىلدى
    End Function
    %>
</body>
```

```
</html>
```

پروگراما ئىجرابولغاندىن كېيىنكى كۆرۈنۈش 3ـ4.رەسىمدىكىدەك :




3ـ4.رەسىم← 3ـ4.aspپروگراممىسى ئىجرابولغاندىن كېيىنكى كۆرۈنۈش

## 3ـ9ـ3. تارماق پروگراما بىلەن فۇنكسىيىنىڭ ئورنى

تارماق پروگراما بىلەن فۇنكسىيىنى aspھۆججىتىدە خالىغان ئورۇنغا قويۇشقا بولىدۇ، سىرتتىغا قويۇشقىمۇ بولىدۇ،مەسىلەن: 3ـ4.مىسالنى ئۆزگەرتىپ كۆرەيلى :

ئاساسىي پروگراما 3ـ5.asp دا ، بويەردىكى پەقەت ئىشلىتىلىدىغان فۇنكسىيە

3ـ5.مىسال (3ـ5.asp)ئاساسىي پروگراما

```
<% Option Explicit          '      بۆجۆملە بىلەن ئۆزگەرگۈچى مىقدارلار مەجبۇرىي ئېنىقلىنىدۇ. %>
<!--#Include file="3-6.asp"-->
<html>
<head>
    <title>a بىلەن b نىڭ كۋادراتلىرىنىڭ يىغىندىسى </title>
</head>
<body>
    <%
    Dim m,n,sum                  '  .  m بىلەن n ئەمەلىي پارامېتر
    m=3
    n=4
    sum=pingfanghe(m,n)                    ' ئىشلىتىلىدىغان فۇنكسىيە
    Response.write "a بىلەن b نىڭ كۋادراتلىرىنىڭ يىغىندىسى " & CStr(sum)
    %>
</body>
</html>
```

6_3.مىسال (3_6.asp) فۇنكسىيە

```
<%
      '  تۆۋەندىكى فۇنكسىيە b بىلەن a نىڭ كۋادراتىنىڭ يىغىندىسىنى  ھېسابلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.
Function pingfanghe (a,b)                  ' بىلەنaشەكلىي پارامېتىرb
    Dim sum
    sum=a^2+b^2
    pingfanghe=sum                         '. فۇنكسىيىگە قىممەت بېرىلىدۇ
End Function
%>
```

كۆزەتكۈچ ئادرېس ئىستونىغا http://localhost/asptemp/chapter3/3_5.asp نى كىرگۈزۈپ ئىجراقىلىپ كۆرۈڭ .



چۈشەندۈرۈش :

①3_5.aspنىڭ ئىككىنچى قۇردىكى <!--#Include file="3_6.asp"--> جۈملە HTMLجۈملىسى بولۇپ،بۇجۈملىدىن پايدىلىنىپ ھۆججەتكە باشقا بىرھۆججەتنى قىستۇرۇشقا بولىدۇ، 3_5.aspبىلەن3_6.aspئوخشاش بىر ھۆججەت قىسقۇچ ئىچىدە بولغانلىقتىن،قىستۇرۇلىدىغان ھۆججەت نامى بىۋاستە يېزىلدى،تەپسىلاتىنى كىتابىمىزنىڭ ئاخىرىدىكى ئىلاۋە Aدىن ھۆججەتنىڭ ئادرېسى ھەققىدىكى بايانلارنى ئوقۇپ چۈشىنىۋېلىڭ.

②بۇخىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ دائىم ئىشلىتىدىغان بىرقىسىم فۇنكسىيەلەرنى ئايرىم بىر ھۆججەتكە يېزىپ،ئاندىن مەزكۇر فۇنكسىيە ھۆججىتىنى ئۆزىمىز نىڭ ھۆججىتىگە قىستۇرساق مەشغۇلات جەريانى ئاددىيلىشىدۇ .

## 3_10. شەرتلىك جۈملىنى ئىشلىتىش

Asp دا پروگراممىا تۈزگەندە ،دائىم ئابونت كىرگۈزگەن ئۇچۇرلارغا قارىتا ھۆكۈم قىلىش ئېلىپ بېرىلىدۇ،مەسىلەن :تىزىملىتىشتا كىرگۈزۈلۈشكە تېگىشلىك ئۇچۇرلار تولۇق كىرگۈزۈلدىمۇ- يوق ؟مەخپىي نومۇر توغرىمۇ –يوق ؟ دېگەندەك ....بۇچاغدا شەرتلىك جۈملىنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ ، VBscript تەمىنلىگەن if...Then...Elseجۈملىسىنى ئىشلىتىمىز .

### 3_10_1. if...Then...Elseجۈملىسى

if...Then...Elseجۈملىسىدە شەرتكە ئۇيغۇن (True)ياكى ئەمەسلىككە (False)ھۆكۈم قىلىنىدۇ ھەمدە ھۆكۈم نەتىجىسىگە ئاساسەن ئىجرابولىدىغان جۈملە بەلگىلىنىدۇ ، بۇنىڭ تۆۋەندىكى بىرقانچە خىل شەكلى بار :

(1)if...Then...Else

If شەرت جۈملىسى Then

شەرتكە ئۇيغۇن بولغاندا ئىجرا قىلىنىدىغان جۈملە

End If



چۈشەندۈرۈش : بۇجۈملىدە ئەھۋال شەرتكە ئۇيغۇن بولغاندا (True) كېيىنكى قۇردىكى جۈملە ئىجرا قىلىنىدۇ،ئۇنداق بولمىغاندا بۇجۈملىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېيىنكى قۇرلاردىكى جۈملىلەر ئىجراقىلىنىدۇ .

(2) If...Then...Else...End If    (يەككە شەرت)

If    شەرت جۈملىسى Then

 1 ئىجرا قىلىندىغان جۈملە

Else

 2 ئىجرا قىلىندىغان جۈملە

End If



چۈشــەندۈرۈش : بۇجۈملــدە ئەھــۋال شــەرتكە ئۇيغــۇن بولغانــدا (True) [ئىجــرا قىلىنــدىغان جۈملە 1 ] ئىجرا قىلىندۇ،ئۇنداق بولمىغاندا [ئىجرا قىلىندىغان جۈملە 2 ] ئىجراقىلىندۇ .

(3) If...Then...Else...End If    (كۆپ شەرت)

If      1 شەرت جۈملىسى Then

 1 ئىجرا قىلىندىغان جۈملە

ElseIf   2 شەرت جۈملىسى Then

 2 ئىجرا قىلىندىغان جۈملە

...........

Else

n+1  ئىجرا قىلىندىغان جۈملە

End If



چۈشەندۈرۈش :

ئەگەر ئەھۋال [شەرت جۈملىسى 1]گە ئۇيغۇن بولغاندا (True) [ئىجرا قىلىندىغان جۈملە 1] ئىجرا قىلىندۇ،كېيىنكى Ifجۈملىسىنى ئىجرا قىلماي ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ ، [شەرت جۈملىسى 2]گە ئۇيغۇن بولغاندا (True) [ئىجرا قىلىندىغان جۈملە 2 ] ئىجرا قىلىندۇ ،كېيىنكى Ifجۈملىسىنى ئىجرا قىلماي ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ ....... ئەھۋال  ھېچقانداق شەرتكە ئۇيغۇن بولمىسا [ئىجرا قىلىندىغان جۈملە n+1] ئىجرا قىلىندۇ.
ئەمەلىيەتتە يەككە شەرتلىك جۈملە بىلەن كۆپ شەرتلىك جۈملىنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش .

تۆۋەندە كونكرېتنى بىر مىسال كۆرۈپ ئۆتەيلى :

3_7. مىـــسال:(3_7.asp) ئىمتىھـــان نومۇرىنىـــڭ ئوخـــشىماسلىقىغا ئاساســـەن ،ئوخـــشىمىغان ئەســـكەرتىش ئۇچۇرى كۆرسىتىش .

---

```
<% Option Explicit            %>
<html>
<head>
    <title> جۈملىسىنى ئىشلىتىش  If…Then…Else</title>
</head>
<body>
    <%       Dim Grade
```

```
Grade=86    ' . ئاددىي بولسۇن ئۈچۈن بۇيەردە بىۋاستە قىممەت بىرىلدى، ئەسلى بىر سانلىق قىممەت يوللانسا بولاتتى
If Grade>=85 Then
        Response.Write "نەتىجىڭىز ياخشى ! "
    Elseif Grade>=70 And Grade<85 Then
        Response.Write "يامان ئەمەس، تېخىمۇ تىرىشىڭ !"
    Elseif Grade>=60 And Grade<70 Then
        Response.Write "نەتىجىڭىز تۆۋەنراق، يەنىمۇ تىرىشىڭ . "
    Else
        Response.Write "مەن بۇنىڭغا بىرنېمە دىيەلمەيمەن ."      %>
    End if
    </body>
</html>
```

پروگرامما ئىجرابولغاندىن كېيىنكى كۆرۈنۈش 3_5.رەسىمدىكىدەك :




3_5.رەسىم←
3_7.asp پروگراممىسى
ئىجرابولغاندىن كېيىنكى
كۆرۈنۈش

## 3_10_2 . Select Case جۈملىسى

Select Case جۈملىسى If…Then…Else جۈملىسىنىڭ كۆپ شەرتلىك بولغان چاغدىكى باشقا بىرخىل شەكلى . بۇجۈملىنى ئىشلەتكەندە پروگرامما تۈزۈش تېخىمۇ ئاددىيلىشىدۇ .

Select Case جۈملىسىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى :

```
Select Case ئۆزگەرگۈچى مىقدار ياكى ئىپادە
Case نەتىجە1
        ئىجرا قىلىندىغان جۈملە1
Case نەتىجە2
        ئىجرا قىلىندىغان جۈملە2
…………
Case نەتىجە n
```

```
ئىجرا قىلىنىدىغان جۈملە n
Case Else
ئىجرا قىلىنىدىغان جۈملە 1+n
End Select
```



چۈشەندۈرۈش:

ئاۋۋال ئىپادىگە قارىتا ھېسابلاش ئېلىپ بېرىلىپ نەتىجە چىقىرىلىدۇ،ئاندىن بۇ نەتىجە تەرتىپ بويىچە نەتىجە1 دىن نەتىجە nگىچە بولغان بارلىق نەتىجىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇلىدۇ،ئىپادىدىن كېلىپ چىققان نەتىجە بىلەن سېلىشتۇرۇش جەريانىدا ئۇزەپ تېپىلغان نەتىجە ماس كەلسە كېيىنكى قۇردىكى جۈملە ئىجرا قىلىنىپ شەرتلىك Select Case شەكلىدىن چېكىنىپ چىقىدۇ ،ئىپادىدىن كېلىپ چىققان نەتىجە بىلەن سېلىشتۇرۇش جەريانىدا ئۇزەپ تېپىلغان نەتىجە ماس كەلمىسە Case Else كېيىنكى قۇردىكى جۈملە ئىجرا قىلىنىدۇ.

تۆۋەندە كونكرېتنى بىر مىسال كۆرۈپ ئۆتەيلى :

8ـ3. مىسال:(3ـ8.asp) ئىمتىھان نومۇرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ،ئوخشىمىغان ئەسكەرتىش ئۇچۇرى كۆرسىتىش(3ـ7.asp بىلەن سېلىشتۇرۇڭ ،ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى بار .) .

---

```
<% Option Explicit %>
<html>
<head>
    <title>جۈملىسىنى ئىشلىتىش  Select Case </title>
</head>
<body>
    <%
Dim Grade
Grade="B"       ' .ئاددىي بولسۇن ئۈچۈن بۇيەردە بىۋاستە قىممەت بېرىلدى ،ئەسلى بىر سانلىق قىممەت يوللانسا بولاتتى
Select Case Grade
    Case "A"
        Response.Write " ! نەتىجىڭىز ياخشى"
    Case "B"
        Response.Write "! يامان ئەمەس ،تېخىمۇ تىرىشىڭ"
    Case "C"
        Response.Write " . نەتىجىڭىز تۆۋەنراق ،يەنىمۇ تىرىشىڭ"
    Case Else
        Response.Write ". مەن بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن"
    End Select
    %>
```

```
</body>
</html>
```

پروگراما ئىجرابولغاندىن كېيىنكى كۆرۈنۈش 3ـ6.رەسىمدىكىدەك :




3ـ6.رەسىم← 3ـ8.asp پروگراممىسى ئىجرابولغاندىن كېيىنكى كۆرۈنۈش

## 3ـ11. دەۋرىيلىك جۈملىسىنى ئىشلىتىش

VBscriptدا دەۋرىيلىك جۈملىسى ئىنتايىن مۇھىم،بۇجۈملە ھەممىسى بىرگۇرۇپپا جۈملىنى قايتا –قايتا ئىجرا قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن : سانلىق مەلۇمات-ئامبىرىدىكى خاتىرىلەرنى رەت-تەرتىپى بىلەن ئوقۇپ – چىقىرىشتا .

VBscriptدا دائىم ئىشلىتىلىدىغان دەۋرىيلىك جۈملىلىرى: For...Nextجۈملىسى،Do...Loopجۈملىسى قاتارلىقلار.

### 3ـ11ـ1. For...Nextجۈملىسى

For...Next جۈملىسى بىرخىل مەجبۇرىي دەۋرىيلىك ،جۈملە بۆلىكىنىڭ ئىجرا بولۇش قېتىم سانىنى بەلگىلىگىلى بولىدۇ،دەۋرىيلىنىشتە ئۆزگەرگۈچى مىقدار ھېسابلىنىدۇ،ھەرقېتىم دەۋرىيلەنگەندە ئۆزگەرگۈچى مىقداركېمىيىدۇ ياكى ئاشىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى :

```
For counter=start To end   [Step number]
 ئىجرا بولىدىغان جۈملە
Next
```

ھەرخىل پارامېتىرلىرى 3ـ8. جەدۋەلدە چۈشەندۈرۈلدى.

3ـ8. جەدۋەل For...Next: دەۋرىيلكدىكى پارامېترلارنىڭ مەنىسى

| پارامېتر | چۈشەندۈرۈش |
|---|---|
| Counter | دەۋرىيلەنگۈچى ئۆزگەرگۈچى مىقدار |
| Start | دەۋرىيلىنىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى (قىممىتى) |
| End | دەۋرىيلىنىشنىڭ تاماملىنىش نۇقتىسى (قىممىتى) |
| Number | دەۋرىيلىنىشنىڭ قەدەم ئۇزۇنلۇقى، مەنپىي سان،مۇسبەت سان، پۈتۈن سان،كەسىرسان بولىشقا بولىدۇ، ئەگەر يېزىلمىسا قەدەم ئۇزۇنلۇقى 1 بولىدۇ . |

تۆۋەندە مىسال ئېلىپ For...Next دەۋرىيلىكىنى چۈشەندۈرىمىز :

3ـ9. مىسال (3ـ9.asp): 1 دىن 100 گىچە بولغان سانلار كۋادراتلىرىنىڭ يىغىندىسىنى تېپىش

```
<% Option Explicit %>
<html>
<head>
    <title>دەۋرىيلىك جۈملىسىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى For…Next </title>
</head>
<body>
    <%
    Dim Sum,I
    Sum=0
For I=1 to 100              '   . 1 دىن 100 گىچە دەۋرىيلىنىدۇ
    Sum=Sum+I^2
Next
Response.Write "1 دىن 100 گىچە بولغان سانلار كۋادراتلىرىنىڭ يىغىندىسى =" & CStr(Sum)
%>
</body>
</html>
```

پروگراممىنى ئىجرابولغاندىن كېيىنكى كۆرۈنۈش 3ـ7.رەسىمدىكىدەك :




3ـ7.رەسىم←
3ـ9.aspپروگراممىسى ئىجرابولغاندىن
كېيىنكى كۆرۈنۈش



چۈشەندۈرۈش : ① ئاۋۋال sum=sum+I^2 جۈملىسىگە قارايلى ، sum نىڭ قىممىتى بىلەن I نىڭ كۋادراتى قوشۇلۇپ يەنە sum نىڭ قىممىتى قىلىنىدۇ .
بۇخۇددى بىر قۇتىدىن بىر ساننى ئېلىپ ،ئۇنىڭغا باشقا بىر ساننى قوشۇپ يەنە قۇتىغا سالغانغا ئوخشاش.
② دەۋرىيلىنىش جەريانى ھەققىدە : دەۋرىيلەنگۈچى ئۆزگەرگۈچى مىقدار 1 دىن 100 گىچە دەۋرىيلىنىدۇ،100 قېتىم دەۋرىيلىنىپ بولغاندىن كېيىن I نىڭ قىممىتى 101 بولغاندا بىزبەلگىلەپ بەرگەن قىممەت دائىرسىدىن چىقىپ كېتىدۇ –دە ، دەۋرىيلىنىش تامام بولىدۇ .
كونكرېتنى جەريانى 3ـ9. جەدۋەلدە بىرىلدى .

**3ـ9. جەدۋەل : مىسالدىكى كونكرېتنى دەۋرىيلىنىش جەريانى**

| ئىجرا بولغاندىن كېيىنكى sum نىڭ قىممىتى | ئىجرا بولۇشتىن ئاۋۋالقى sum نىڭ قىممىتى | ئىجرا بولۇشتىن ئاۋۋالقى I نىڭ قىممىتى | دەۋرىيلىنىش قېتىم سانى |
|---|---|---|---|
| =0+1^2=1 | 0 | 1 | 1ـقېتىم |
| =1+2^2=5 | 1 | 2 | 2ـقېتىم |
| =5+3^2=14 | 5 | 3 | 3ـقېتىم |
| ............. | ............. | ............. | ............. |
| =328350+100^2=338350 | 328350 | 100 | 100ـقېتىم |

## 3ـ11ـ2. Do...Loop دەۋرىيلىكى

بونىڭدىن باشقا يەنە دائىم ئىشلىتىلىدىغان دەۋرىيلىك جۈملىسى Do...Loop بار، ئۇ بىر خىل شەرت ئاستىدا دەۋرىيلىنىدۇ ، شەرت قانائەتلەنسە ياكى قانائەتلەنگىچە جۈملە بۆلىكنى قايتا-قايتا ئىجرا قىلىشۇرىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى (1) :

Do While شەرت 1

ئىجرا بولىدىغان جۈملە

Loop

ياكى

Do

ئىجرا بولىدىغان جۈملە

Do While شەرت 2

ئالدىدىكىسى كىرىش تىپىدىكى دەۋرىيلىك ،ئۇنىڭدا ئاۋۋال شەرتكە ئويغۇن ياكى ئەمەسلىككە ھۆكۈم قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇيغۇن بولسا (True)دەۋرىيلىككە كىرىپ جۈملە ئىجراقىلىنىدۇ .

كېيىنكىسى چىقىش تىپىدىكى دەۋرىيلىك، ئۇنىڭدا ئاۋۋال شەرت بىلەن ھېسابلاشماي بىرقېتىم دەۋرىيلەنگەندىن كېيىن شەرتكە ھۆكۈم قىلىنىدۇ ، ئۇيغۇن بولسا (True)دەۋرىيلىككە كىرىپ داۋاملىق جۈملە ئىجراقىلىنىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى (2) :

Do Until شەرت 3

ئجرا بولىدىغان جۈملە

Loop

ياكى

Do

ئجرا بولىدىغان جۈملە

Loop Until شەرت 4



چۈشەندۈرۈش : Until ھالقىلىق خەت بولۇپ، قايتا-قايتا دەۋرىيلىنىپ شەرتكە ئۇيغۇن (True)ھالەتكە كەلگەندە توختايدۇ ، ئۇنىڭمۇ ئىككى خىل شەكلى بار ،يۇقارقىغان ئوخشاش كىرىش تىپلىق ،چىقىش تىپلىق دەپ ئايرىلىدۇ.

تۆۋەندە ئاددىي بىر مىسال كۆرۈپ ئۆتەيلى :

3-10. مىسال : (3-10.asp)  1 دىن 100 گىچە بولغان سانلار كۋادراتلىرىنىڭ يىغىندىسىنى تېپىش (3-9.asp بىلەن بولغان پەرقى ۋە ئوخشاللىقىغا  دىققەت قىلىڭ )

---

```
<% Option Explicit %>
<html>
<head>
    <title> دەۋرىيلىك جۈملىسىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى  Do…Loop </title>
</head>
<body>
    <%
    Dim sum,I
    sum=0
    I=1
    Do While I<=100                    '       1 دىن 100 گىچە  دەۋرىيلىنىدۇ .
        sum=sum+I^2
        I=I+1
    Loop
Response.Write "1 دىن 100 گىچە بولغان سانلار كۋادراتلىرىنىڭ يىغىندىسى =" & CStr(Sum)
    %>
</body>
</html>
```

---

پروگرامما ئىجرابولغاندىن كېيىنكى كۆرۈنۈش 3-8.رەسىمدىكىدەك :




3ـ8.رەسىم :  3ـ10.asp پروگراممىسى ئىجرابولغاندىن كېيىنكى كۆرۈنۈش



چۈشەندۈرۈش : دەۋرىيلىنىش شەرتى I<=100 گە دىققەت قىلىڭ، ھەربىر قېتىم دەۋرىيلەنگەندە شەرتكە ھۆكۈم قىلىنىدۇ، ئەگەر I نىڭ قىممىتى 100دىن كىچىك بولسا ياكى تەڭ بولسا ئۇھالدا شەرتكە ئۇيغۇن بولۇپ (True )،جۈملە ئىجرا قىلىنىدۇ، ئەگەر I نىڭ قىممىتى 100دىن چوڭ بولسا شەرتكە ئۇيغۇن ئەمەس (False ) ، جۈملە ئىجرا قىلنمايدۇ، دەۋرىيلىنىش توختايدۇ.

## 3.11ـ3. While...Wend دەۋرىيلىك

پروگراممــــا تۈزگەنـــدە Wehile...Wend دەۋرىيلىكــــى ئـــانچەكۆپ ئـــشلىتىلمەيدۇ ، بۇجـــۈملە Do...Loop دەۋرىيلىكىگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ ، تۆۋەندە ئاددىي قىلىپ تونۇشتۇرىمىز .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى :

Wehile   1 شەرت

ئىجرا بولىدىغان جۈملە

Wend



چۈشـەندۈرۈش : شـەرتكە ئۇيغـۇن بولغانـدا(True) دەۋرىيلىنــىپ جـۈملە ئىجـرا قىلىنىـدۇ ، تـاكى شەرتكە ئۇيغۇن بولمىغانغا (False) قەدەر دەۋرىيلىنىپ دەۋرىيلىكتىن چىكىنىدۇ .

مىسال :

```
<%
Dim I
I=1
Wehile 1<10            '            I=10 بولغاندا دەۋرىيلىك ئاخىرلىشىدۇ .
I=I+1
Wend
%>
```

## 3-11-4. For Each...In دەۋرىيلىكى

بۇبىر خىل ئالاھىدە دەۋرىيلىك شەكلى ، بۇنىڭ مەنىسى مۇنداق : بىر قۇتا ئىچىگە تىك-تاك توپ قويۇلغان بولسا،سىز بىرقېتىمدا بىردانىدىن توپ ئالسىڭىز تەرتىپ بويىچە بارلىق توپلارنى ئالالايسىز .

For Each...In دەۋرىيلىكمۇ مۇشۇنداق ، بىر توپلامدىن بىرئېلېمېنتنى تەرتىپ بويىچە ئالىدىغان ئىقتىدارنى تاماملىيالايدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى :

```
For Each   ئېلېمېنت   In   توپلام
  ئىجرا بولىدىغان جۈملە
Next
```

For Each...In دەۋرىيلىكى بىلەن For...Next دەۋرىيلىكى ئوخشىشىپ كېتىدۇ ، بىراق توپلامدا ھەربىر ئېلېمېنت قايتىلىنىدىغان بىرگۇرۇپپا جۈملە ،لېكىن جۈملىنىڭ قايتىلىنىش قېتىم سانى ئەمەس .

ئەگەر توپلامدىكى ئېلېمېنتلارنىڭ قانچىلىك كۆپلىكىنى بىلمىگەندە For Each...In دەۋرىيلىكى ئىشلىتىلىدۇ ، بۇتوغرىسىدا كېيىن سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ۋە ھۆججەت ئوقۇش -ساقلاش بىرىكمىسىنى چۈشەندۈرگەندە ئەستايىدىللىق بىلەن مۇلاھىزە قىلىمىز .

## 3-11-5. دەۋرىيلىك قاتلىمى

دەۋرىيلىك كۆپ قاتلاملىق بولىدۇ ،قاتلام دېگىنىمىز : چوڭ بىر دەۋرىيلىك ئىچىدىكى كىچىك دەۋرىيلىك . بۇكىچىك دەۋرىيلىك چوڭ دەۋرىيلىك ئىچىدە ئىجرا بولىدۇ ، دەۋرىيلىكنىڭ پاراللېللىقىغا دىققەت قىلىڭ، كېسىشسە بولمايدۇ . 3-9. رەسىمدىن پايدىلىنىڭ .




3-9. رەسىم دەۋرىيلىك قاتلىمىنىڭ سخېمىسى

تۆۋەندە ئاددىي بىر مىسال كەلتۈرىمىز .

سانلىق مەلۇمات گۇرۇپپىسىدىكى بارلىق ئۆزگەرگۈچى مىقدارلارنىڭ يىغىندىسىنى ھېسابلايلى :

```
<%
Dim a(9,9)  ,sum
a(0,0)=1
……….
    For I=0 to 9          '          دەۋرىيلىك 1
```

```
For J=0 to 9          '          دەۋرىيلك 2
Sum=sum+a(I,J)
    Next
Next
Response.Write " يىغىندى=" & CStr(sum)
%>
```

## 6-11-3. دەۋرىيلكتىن مەجبۇرىي چىكىندۈرۈش

ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا شەرت ھۆكۈمگە ئاساسەن دەۋرىيلك چىكىندۈرىلىدۇ، بىراق بەزىدە مەجبۇرىي چىكىندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

For...Next دەۋرىيلىكىدىن مەجبۇرىي چىكىندۈرۈش بۇيرۇقى : Exit For .

مەسىلەن :

```
<%
Sum=0
N=100
For I=1 to N
    Sum=Sum+1
    ' ئەگەرSumنىڭ قىممىتى 10000 دىن چوڭ بولسا دەۋرىيلىكىدىن مەجبۇرىي چىكىندۈرىلىدۇ .
If Sum>10000 Then
    Exit For
End If
Next
%>
```

Do...Loop دەۋرىيلىكىدىن مەجبۇرىي چىكىندۈرۈش بۇيرۇقى : Exit Do .

## 12-3. ئىزاھات جۈملىسى

ئىزاھات جۈملىسى ئىجرا بولمايدۇ،بەت يۈزىدىمۇ كۆرسىتىلمەيدۇ،ئىزاھات جۈملىسىگە ئاساسەن ئەسلى پروگراممىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ .

پروگراممىغا ئىزاھات جۈملىسى يازغاندا پروگراممىنى ئوقۇپ چۈشىنىش ئاسان بولىدۇ .

ئادەتتە Rem ياكى ' بەلگىسى قويۇلغان جۈملىلەرنىڭ ھەممىسى ئىزاھات جۈملىلىرىدۇر .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە :

```
<%
Rem      ئىزاھات جۈملىسى
%>
```

ياكى

```
<%
    '      ئىزاھات جۈملىسى
%>
```

ئالدىنقى مىساللاردا ئىزاھات جۈملىسى كۆپ قېتىم ئىشلىتىلگەن ، بۇيەردە يەنە قايتا مىسال كۆرسەتمەيمىز .



*پروگراممىنى ئىجرا قىلىپ سىناق قىلغاندا چىقىرىۋەتمەكچى بولغان جۈملىنىڭ ئالدىغان ئىزاھات بەلگىسى قويۇپ قويساق بولىدۇ .*

## 13ـ3. خاتالىق جۈملىسى

ئادەتتە پروگراممىدا خاتالىق كۆرۈلگەندە ،ئىجرا بولۇشتىن توختايدۇ ھەمدە بەت يۈزىدە خاتالىق ئۇچۇرى كۆرسىتىلىدۇ. لېكىن بەزىدە بىزكۈتمىگەن بونداق خاتالىق چىقسا بولمايدۇ ، بۇنىڭ ئۈچۈن خاتالىقنى بىرتەرەپ قىلىش جۈملىسى ئىشلىتىمىز :

On Error Resume Next

بۇجۈملە خاتالىق كۆرۈلگەن قوردىن ئاتلاپ كىتىپ كېيىنكى قۇردىكى جۈملىنى ئىجرا قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ .مەسىلەن :

```
<%
On Error Resume Next
………….
%>
```

پروگراممىنى ئىجرا قىلىپ سىناق قىلغاندا بۇجۈملە ئىشلىتىلسە خاتالىق چىقمايدۇ .

# 3-كۆنۈكمە

1-تاللاپ جاۋاب بېرىڭ .

① "6"=a جۈملىسى ئىجرا بولغاندىن كېيىن a (  ) تىپلىق بولىدۇ .

A : ھەرپ-بەلگە تىپلىق B : چېسلا تىپلىق C : سانلىق قىممەت تىپلىق D بولئان تىپلىق

② تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى ئۆزگەرگۈچى مىقدار بولسا توغرا (  )

A : 111 B : ab_1 C : _sum D : a?b

③تۆۋەندىكى پروگراممىا ئىجرا بولغاندىن كېيىن a نىڭ قىممىتىگە ھۆكۈم قىلىڭ (  )

```
<%
a=3
a=a+5
%>
```

A : 0 B : 3 C : 5 D : 8

④ تۆۋەندىكى پروگراممىا ئىجرا بولغاندىن كېيىن a,b,c لارنىڭ قىممىتىگە ھۆكۈم قىلىڭ (  )

```
<%
a="1"+"1"
b="1"&"1"
c="1"&1
%>
```

A : "11",11,11 B : "11","11","11" C : 11, "11",2 D : 2, "11","11"

(ئەسكەرتىش:سانلارقوش پەش ئىچىگە ئېلىنسا ھەرپ-بەلگە تىپقا ئۆزگىرىدۇ ، تىپنىڭ ئالمىشىشىغا دىققەت قىلىڭ . )

⑤ تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى سانلىق قىممەت تىپىنى ھەرپ-بەلگە تىپىغا ئايلاندۇرىدۇ ؟ (  )

A : Cdate B : Cint C : CStr D : CDb1

⑥("八千里路云和月",3,2)Mid جۈملىسى ئىجرا بولسا قانداق نەتىجە چىقىدۇ ؟ (  )

A :“千里” B : “里路” C : “里” D : “路云”

⑦(3.45)Int بىلەن (3.45-)Int نىڭ قىممىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا (  )

A : 4,-4 B : 3,-4 C : 3,3 D : 3,-3

2- ئىشلەپ بېقىڭ .

①بىربۆلەك پروگراممىا يېزىڭ ، بەت يۈزىدە ۋاقىت ، چېسلا، ھەپتىنىڭ قايسى كۈنى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلسۇن .

② بىربۆلەك پروگراممىا يېزىڭ ، ”祖国“ بىلەن ”万岁“ نىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بوشلۇق چىقىرىۋېتىلسۇن ھەمدە ئۇلىنىپ ”祖国万岁“ قىلىپ كۆرسىتىلسۇن .

③ بىربۆلەك پروگراممىا يېزىڭ ، شۇكۈنكى چېسلا ئەگەر 25- چېسلا بولۇپ قالسا « دىققەت : ئەتە ۋىرۇس تارقىلىشى مۇمكىن ! » دەپ ئۇچۇر چىقىدىغان بولسۇن .

④ئىككى خىل دەۋرىيلىك جۈملىسىنى ئىشلىتىپ بىربۆلەك پروگراممىا يېزىڭ:

2^99......+2^5+2^3+2^1=S دىكى S نىڭ قىممىتى ھېسابلىنىدىغان بولسۇن .

(ئەسكەرتىش : قەدەم ئۇزۇنلۇقىغان دىققەت قىلىڭ .)

⑤ a دىن b غىچە بولغان سانلارنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىسىنىڭ يىغىندىسىنى ھېسابلايدىغان پروگراممىا يېزىڭ .

⑥ چوڭ – كىچىك جەمئى 100 ئادەم بار ، 100دانە تاۋۇز بار ، ئەگەر چوڭ ئادەمدىن بىرى 4 دانە تاۋۇزيىسە،كىچىك بالىدىن 4 ى 1دانە تاۋۇز يىسە تاۋۇز تۈگەيدۇ ،چوڭ ئادەم قانچە ؟ كىچىك بالا قانچە ؟
(كۆرسەتمە : دەۋرىيلىك قاتلىمى بىلەن شەرتلىك ھۆكۈم جۈملىسىنى ئىشلىتىسىز ؟ )